


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى
تەرىپىدىن سىكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

8
2014

# يېزا پەن ـ تېخنىكىسى

# 农村科技



ھلىم تۇرسۇن فوتوسى

ISSN 1004-1095

# پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازىرىنىڭ «دېھقانلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يۇرت-ماكانىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش» توغرىسىكى مەخسۇس تەربىيەلەش كۇرسى
















پىچان ناھىيەلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مەزكۇر ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرى ھەلىمە تۇرسۇن 2014-يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 17-كۈنىگىچە لۈكچۈن بازىرى، دىغار يېزىسى، چىقتىم بازىرى قاتارلىق جايلاردا 600 گە يېقىن ھەر ساھەدىكى قېرىنداشلارغا «دېھقانلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلايلى» تېمىسىدا لېكسىيە سۆزلەپ، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.



ھەلىمە تۇرسۇن خەۋىرى ۋە فوتوسى

# يېزا ئېگىلىك - تېخنىكىسى

全国优秀科技期刊,省级月刊

2014 ـ يىل 8 ـ سان
(ئومۇمىي 352 ـ سان)

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.


## بۇ ساندا

### تېرىش پەرۋىش


زىيانسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار......ئاززۇگۈل ئابدۇرېھىم (1)
شوخلىنىڭ قېرى يوپۇرماقلىرىنى ئېلىۋېتىش ئارقىلىق مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلى ..........................................................................ھۆرمەتگۈل ساۋۇت (3)
تېمىتىپ سۇغىرىلىدىغان كېۋەز پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار..............تۇنساخان قاتارلىقلار (4)
زامانىۋى ئۇسۇلدا كۆكتات مايسىسى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ ئەۋزەللىكى ........ئايشەم ياسىن (6)
كېۋەزنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىردىكى پەرۋىش تېخنىكىسى ...................... گۈلسۈمئاي ئويۇپ (7)


### ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى


پارنىكتا بۆلجۇرگەن ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تېخنىكىلىق ھالقىلار......بۇخىلچەم ئەمەت (8)
پارنىكتا پىدىگەن ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار.............. زىلەيبۇ ئىمام قاتارلىقلار (11)
پارنىك ۋە يالتىراق لاپاستا ئۆستۈرۈلگەن تاۋۇزنى سۈنئىي ئۇسۇلدا چاڭلاشتۇرۇش ئۇسۇلى......روزىگۈل ئابدۇقادىر (12)
پارنىك تۇپرىقىنى ياخشىلاش ئۇسۇللىرى ..........................................مەلىكە (14)


### ئوغۇت تۇپراق


ئانارلىق باغلارنى ئوغۇتلاش تېخنىكىسى ......................................ئابدۇقادىر ئىزىز (15)
قالدۇق يالتىراق يوپۇقنىڭ تېرىلغۇ يەرگە زىيىنى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى ...........مېھمانگۈل سايىم (18)


### باغۋەنچىلىك


كىشمىش ئۈزۈمنىڭ مېۋىسى يوغىناش ۋاقتىدىكى پەرۋىشى .........ئابدۇرۇپ ھېزىبۇل (20)
ئەنجۈر پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار..................................ئايشەمگۈل يۇسۇپ (22)


### ئۆسۈملۈك ئاسراش


ياڭاق شاخ قۇرۇش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى .......تايىر يۇسۇپ (24)
يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا دېھقانچىلىق دورىلىرىنى پۈركۈش زىيانلىق ......ئامىنەم راخمان (25)

يېسىۋېلەكنىڭ يۇمشاق چىرىش كېسىلى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى ............ بۇخەلچەم ھىلىماخۇن (27)
ئۇرۇمنىڭ توزاڭسىمان قاسراقلىق قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى ..............تۇرسۇنمەمەت تاشمەمەت (28)
دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار............پاتىمە داۋۇت (30)
كېۋەز غۇنچە - غوزىلىرىنىڭ تۆكۈلۈش سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى ........ئابلەت ئابلىز (32)
ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەييارلاش ھەم توغرا ئىشلىتىش ئۇسۇلى....ئابدۇرېھىم ئابلىتىپ قاتارلىقلار (34)
چىلاننىڭ مېۋە يېرىلىش ۋە مېۋە يىگىلەش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى ...روشەنگۈل ئىمىن (37)
دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىلمىي ئىشلىتىش ئۇسۇلى .........باھارگۈل پەتتار قاتارلىقلار (39)
شاپتۇلدىكى قوڭۇر رەڭلىك چىرىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش.... گۆھەرنىسا تۇرسۇننىياز (40)


## سۈتچىلىك


سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش چارىلىرى ..........................................گۈلنىسا ئابدۇراخمان (41)


## چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق


دېھقانچىلىق رايون كىچىك باقمىچىلىقنى لايىھەلەش .......................پەتتىدىن تاشتۆمۈر (44)
قوينىڭ يۇڭى چۈشۈپ كېتىش كېسەللىكى ۋە ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ....ئابدۇللا روزى (46)
سۈت ئۆچكىسىنىڭ سۈت مىقدارىنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرى ..........ياسىنجان ئابدۇراخمان (48)
گۆش كالىسىنىڭ يەم - خەشىكىنى تەڭشەش ئۇسۇلى ...................... مەريەمگۈل خالىق(50)


## ئىگىلىك باشقۇرۇش


دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ رولى ............... رەخمىتۇللا شەمشىدىن (52)


## قانۇن ئۆگىنەيلى


جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى ...............(55)


## يېزا ئېنېرگىيەسى


پاتقاق گازنى باشقۇرۇشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار........................ نۇرگۈل غېنى (57)


## بىلىۋېلىڭ


دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن ئورۇن بەلگىلەپ ئۇرۇق تاللاش ئۇسۇلى.........ئايشەمگۈل تاش قاتارلىقلار (60)



باش مۇھەررىر: مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەررىر:

ھەلىمە تۇرسۇن ئەنۋەر مۇھەممەت ئابلەت ھەبىبۇللا

# 农村科技

Rural Science & Technology

2014 年第 8 期

总 352 期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。


## 栽培管理


无公害蔬菜栽培注意事项 …………………… 阿孜古丽·阿不都热依木(1)

番茄除老叶促增产方法 ……………………………… 吾尔买提·沙吾提(3)

滴灌棉花栽培要点 ………………………………………… 吐尼沙汗等(4)

现代化育苗技术优点 ……………………………………… 阿衣先木·牙生(6)

棉花中后期栽培管理技术 …………………………… 古丽素木·吾玉甫(7)


## 设施农业


温室草莓栽培技术要点 ………………………… 布合力其木·艾买提(8)

温室茄子栽培要点 ……………………………… 孜来布·依麻木等(11)

温室大棚西瓜人工授粉方法 ………………… 肉孜古丽·阿布都卡德(12)

温室土壤改良方法 ………………………………………………… 买力开(14)


## 土壤肥料


石榴园施肥技术 ………………………………… 阿不都喀迪尔·艾孜孜(15)

塑料薄膜对农田的危害及预防方法 ……………… 米满古丽·夏依木(18)


## 园艺特产


无核葡萄果实膨大期栽培管理 ………………… 阿布都热符·艾孜不力(20)

无花果栽培要点 ………………………………… 阿依夏木古丽·玉苏甫(22)


## 植物保护


核桃枯枝病防治方法 ……………………………………… 塔衣尔·玉苏普(24)

高温天气喷农药危害 …………………………………… 阿米南木·热合曼(25)

白菜软腐病防治方法 ………………………………… 布海力欠木·伊里马洪(27)

葡萄粉蚧虫防治方法 ……………………… 吐尔孙买买提·塔西买买提(28)

使用农药注意事项 ………………………………………… 帕提曼·达吾提(30)

棉花蕾铃脱落原因及防治措施 ……………………… 阿布来提·阿布力孜(32)

石硫合剂科学配制及正确使用方法 …… 阿布都热依木·阿布力提甫等(34)

红枣裂果病及缩果病的防治 ........................ 茹仙古·依明(37)
农药科学使用方法 ........................ 巴哈尔古丽·帕塔尔等(39)
挑子褐霉病的防治 ........................ 果海日妮萨·图尔荪妮亚孜(40)

## 农田水利

供水到户工作中存在的问题及解决措施 ..... 古力尼沙·阿不都热合曼(41)

## 畜牧兽医

建设小型农户养殖业注意事项 ........................ 怕提丁·塔西铁木尔(44)
绵羊脱毛症防治方法 ........................ 阿布都拉·肉孜(46)
奶山羊增奶措施 ........................ 亚森江·阿布得热合曼(48)
肉牛饲料配制方法 ........................ 买热亚木古丽·哈力克(50)

## 农经管理

农村合作社的作用 ........................ 热合木吐拉·夏米西(52)

## 法律常识

中华人民共和国未成年人保护法 ........................ (55)

## 农村能源

沼气池管理注意事项 ........................ 努尔古丽·艾尼(57)

## 百科知识

农作物筛选良种方法 ........................ 阿依夏木·塔西等(60)

主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：《农村科技》杂志社维文编辑部
主　　编：艾力曼·吐尔逊　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：艾尼瓦尔·买买提　编辑：阿布来提·艾比布拉
地　　址：乌鲁木齐市南昌路 403 号　邮编：830091
印　　刷：新疆新华印刷厂　定价: 2.00 元
发　　行：乌鲁木齐市邮政局
订　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN　1004 – 1095
国内统一刊号：CN 65 – 1046 / S – W
邮 政 代 码：58 – 123　广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：中国农业银行股份有限公司乌鲁木齐南昌路支行
行　　号：103881000461 账号：30-004601040000839

# زىيانسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ئارزۇگۇل ئابدۇرېھىم
(توقسۇ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 842100)

نۆۋەتتە ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، بىر قىسىم جايلاردا نوقۇل ھالدا پايدىنى قوغلىشىپ، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشتا دېھقانچىلىق دورىسىنى كۆپلەپ ئىشلىتىش سەۋەبىدىن كۆكتات تەركىبىدىكى دېھقانچىلىق دورىسى قالدۇقى دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ سالامەتلىكىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە زىيان سېلىۋاتىدۇ. شۇڭا زىيانسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشتا مۇنۇلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1. كۆكتات ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كۆكتات ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى سەۋەبىدىن نوقۇل ھالدا مەھسۇلات مىقدارىنى قوغلىشىپ، خىمىيەلىك ئوغۇتنىڭ مىقدارىنى خالىغانچە ئاشۇرۇپ ئىشلىتىش، كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات يوقىتىش ئۈچۈن ئۈنۈمنى قوغلىشىپ دېھقانچىلىق دورىسىنى قالايمىقان ئىشلىتىش نەتىجىسىدە، ئىشلەپچىقارغان كۆكتات تەركىبىدىكى ئاموونىي تۇزلىرىنىڭ مىقدارى ئېشىپ كېتىش، ئىشلىتىلگەن بىر قىسىم دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ قالدۇقى ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن كۆكتاتلارنىڭ سۈپىتى ناچار بولۇپ، زىيانسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش تەلىپىگە يەتمەيۋاتىدۇ. شۇڭا ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا كۆكتات ئىشلەپچىقاغۇچىلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، خىمىيەلىك ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا مۇۋاپىق ئىشلىتىشكە يېتەكلەش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا سۈپەتلىك، زىيانسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

2. دېھقانلارنى دېھقانچىلىق دورىسىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشكە يېتەكلەش كېرەك. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، «ئالدىنى ئېلىش ئاساس، ئومۇميۈزلۈك تىزگىنلەش» تىن ئىبارەت ئۆسۈملۈك ئاسراش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىلغار دېھقانچىلىق تەدبىرلى-

ـرى، فىزىكىلىق، بىيولوگىيەلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يۇقىرى ئۈنۈم-لۈك، زەھەرلىك قالدۇقى تۆۋەن دېھقانچىلىق دورىسىنى تاللاپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئىشلىتىشكە يېتەكلەش كېرەك.

3. دېھقانچىلىق دورىسىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىش پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەك. دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى دېھقان-چىلىق دورىلىرىغا قارىتا ھەر خىل كۆكتاتلارغا ھەر قېتىملىق دورا ئىش-لىتىش مىقدارى، ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى دورا ئىشلىتىش مىقدارى، ئەڭ كۆپ دورا ئىشلىتىش قېتىم سانى، ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە دورا ئىشلىتىش بىخەتەر ئارىلىق مەزگىلى قاتارلىقلارنى بېكىتكەن. شۇڭا كۆكتات ئىشلەپ-چىقارغۇچىلار ئۆزى خالىغانچە دورا ئىشلىتىش مىقدارىنى ۋە ئىشلىتىش قېتىم سانىنى ئاشۇرىۋېتىشكە ياكى دورا ئىشلىتىش بىخەتەر ئارىلىق مەز-گىلىنى قىسقارتىۋېتىشكە بولمايدۇ.

زىيانسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشتا ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپرەك ئىش-لىتىپ، تۇپراقنى كۈچلەندۈرۈش مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شۇڭا كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشتا ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپرەك ئىشلىتىش، كۆپ يىل تېرىلغان پارنىكنىڭ ھەر موسىنى بەش مىڭ كىلوگىرام تو-لۇق چىرىتىلگەن سۈپەتلىك ئورگانىك ئوغۇت بىلەن، يېڭى بەرپا قى-لىنغان پارنىكلارنى 8 ـ 10 مىڭ كىلوگىرام ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئو-غۇتلاش كېرەك.

خىمىيەلىك ئوغۇتلارنى ئىشلىتىشتە تۇپراق تەركىبىنى ئۆلچەپ، نىس-بەت بويىچە ئوغۇتلاشنى ئاساس قىلىش، يەنى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى قىسقا بولغان كۆكتاتلارنىڭ ھەر موسىنى 25 ـ 30 كىلوگىرام ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى ئۇزۇن بولغان كۆك-تاتلارنىڭ ھەر موسىنى 50 كىلوگىرام ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش، ئازوت، فوسفور، كالىينىڭ نىسبىتىنى 0.4:1:3 قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كالتسىي، بور، سىنك، تۆمۈر قاتارلىق مىكرو مىقدارلىق ئوغۇتلارنى ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك. (02)

# شوخلىنىڭ قېرى يوپۇرماقلىرىنى ئېلىۋېتىش ئارقىلىق مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلى

هۆرمەتگۈل ساۋۇت
(توقسۇن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 838100)

شوخلىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىلىدە بىر قىسىم يوپۇرماقلىرى قېرىپ، سارغىيىپ ئۆز رولىنى يوقىتىدۇ، بۇنداق يوپۇرماقلارنى ۋاقتىدا ئېلىۋەتسە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولىدۇ.

1. ئوزۇقلۇقنىڭ بىھۇدە ئىسراپ بولۇپ كېتىشىنى ئازايتىدۇ، شوخلا يوپۇرماقلىرى ئۆسۈپ 15 ـ 50 كۈن ئىچىدە نۇر بىرىكتۈرۈش (فوتوسىنتېز) رولى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ، بۇ چاغدا نۇر بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئوزۇقلۇق ماددا هاسىل قىلىپ تۈپ ۋە مېۋىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ، يوپۇرماقنىڭ ئۆمرى 60 كۈندىن ئېشىپ كەتسە ئۇنىڭ سەرپ قىلغان ئوزۇقلۇقى ئىشلەپچىقارغان ئوزۇقلۇق هاسىلاتىدىن كۆپىيىپ كېتىدۇ. شۇڭا قېرى يوپۇرماقلارنى ئېلىۋەتسە تۈپ ۋە مېۋىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولىدۇ.

2. نۇر بىرىكتۈرۈش رولىنى كۈچەيتىدۇ، مەيلى پارنىكتا ياكى ئوچۇقچىلىقتا ئۆستۈرگەن شوخلا بولسۇن، ئۇنىڭ قېرى يوپۇرماقلىرىنى ۋاقتىدا ئېلىۋەتسە هاۋا ئۆتۈشۈش، كۈن نۇرى چۈشۈش شارائىتىنى ياخشىلاپ يېشىل يوپۇرماقلىرىنىڭ نۇر بىرىكتۈرۈش رولىنى كۈچەيتىپ، تىمەن ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

3. تۈپنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش شارائىتىنى ياخشىلاپ كېسەللىك، هاشارات زىيىنىنى ئازايتقىلى بولىدۇ. شوخلىنىڭ قېرى يوپۇرماقلىرىدا كېسەللىك مىكروبلىرى، زىيانداش هاشارات ۋە ئۇنىڭ تۇخۇملىرى بولىدۇ، قېرى يوپۇرماقلارنى ۋاقتىدا ئېلىۋېتىپ بىر يەرگە يىغىپ ياكى كۆيدۈرۈپ كۆمۈۋەتسە كېسەللىك، هاشارات مەنبەسىنى ئازايتىپ، زىيان سېلىشنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ (03)

# تېمىتىپ سۇغىرىلىدىغان كېۋەز پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار

تۇنساخان شەرۋانگۇل تۇرسۇنجان
(بورتالا شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 833400)

1. تېمىتىپ سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىنى ياخشى ئاسراپ، سىستېمىنىڭ نورمال ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش، مەشغۇلات ئۇسۇلى توغرا بولۇش، يەنى ئېلېكتىر ئۇسكۇنىلىرى، سۇ پومپىسى، سۈزگۈچ، ئوغۇتلاش قاتار-لىقلارنى توغرا ئىشلىتىش لازىم. دائىملىق ئاسراش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، مەسىلەن، سۈزگۈچتىكى پاسكىنا نەرسىلەرنى ۋاقتىدا تەكشۈ-رۈپ، مەسىلە كۆرۈلسە دەرھال بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

2. ھاۋا رايى ئەھۋالى ۋە كېۋەزنىڭ ئۆسۈشىگە قاراپ، ۋاقتىدا مۇۋاپىق سۇغىرىش كېرەك: كېۋەز ئومۇمىيۈزلۈك چېچەكلەش مەزگىلىدە، كۆپىيىش ئەزالىرى ۋە پوتكول توپىنىڭ ئۆسۈشى تېزلىشىدۇ، شۇنداقلا سۇ، ئوغۇت ئېھتىياجى ئاشىدۇ. ئەگەر سۇ ياكى ئوغۇت كەمچىل بولسا، غۇنچىلىرى كۆپلەپ تۆكۈلۈپ مەھسۇلاتىغا تەسىر يېتىدۇ، بۇ مەزگىلدە سۇ ۋە ئوغۇت بىلەن يېتەرلىك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، غوزا شېخىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تېزلىتىپ كۆپرەك غۇنچىلىشى ۋە چېچەكلىشىنى قولغا كەل-تۈرۈپ، كۆپ غوزىلىشىغا شارائىت ھازىرلاش لازىم. بۇ مەزگىلدە تېمپېرا-تۇرا نىسبەتەن يۇقىرى، كېۋەز مايسىلىرىنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇشى تېز بولغاچقا، سۇغىرىش ئارىلىقى يەتتە كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ھەر مو يەرگە تېمىتىلىدىغان سۇنىڭ مىقدارى 25 كۇب مېتىردىن كەم بولماسلىقى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە كېۋەزنىڭ ئۆسۈشى ۋە ھاۋا رايى ئەھۋالىغا قاراپ، ئۆسۈشى ياخشى بولمىغان ياكى قۇرغاقچىلىق كۆرۈلگەن ئېتىزلارغا نىسبەتەن تېمىتىپ سۇغىرىش قېتىم سانى ۋە مىقدارىنى كۆپەيتىش، باراق-سان ئۆسكەن ياكى يامغۇر كۆپ بولغاندا كېچىكتۈرۈپ سۇغىرىش ياكى مىقدارىنى ئازايتىش لازىم.

3. ئوغۇتلاشنى كۈچەيتىپ، كېۋەزنى يېتەرلىك ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن-

لەش لازىم. كېۋەز غۇنچىلاش ۋە غوزىلاش مەزگىلىدە كۆپ مىقداردا ئوزۇق-لۇققا ئېھتىياج بولىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ بېشىدا سۇغىرىشنى باشلىغان ئېتىزلارنى ئادەتتە 2 ـ ، 3 ـ سۇيىگە بىرلەشتۇرۇپ تېمىتىپ ئوغۇتلاش، كېيىن ھەر قېتىم تېمىتىپ سۇغارغاندا مۇۋاپىق ئوغۇتلاش لازىم. ھەر مو يەرنى بىر كىلوگىرام كالىي دى ھىدروفوسفات (磷酸二氢钾)، تۆت كىلوگىرام ئورېيا بىلەن ئوغۇتلىسا بولىدۇ، نۆۋەتلەشتۇرۇپ سۇغىرىلىدىغان رايونلاردا ھەممە ئوغۇتنى بىرلەشتۇرۇپ ئوغۇتلاش قاچىسىغا قوشۇۋەتسە بولىدۇ. كالىي دى ھىدرو فوسفاتنى ئاۋۋال قىزىق سۇ بىلەن سۇيۇلدۇرۇپ سوۋۇتقاندىن كېيىن، ئوغۇتلاش قاچىسىغا قويسا بولىدۇ. تېمىتىپ ئوغۇتلاش مەشغۇلاتى قىلغاندا، ئوغۇتلاشتىن ئىلگىرى بىر سائەت سۇ تېمىتىپ، ئاندىن ئوغۇتنى تېمىتىپ بولۇپ، يەنە بىر سائەت سۇ تېمىتسا ئوغۇتنىڭ تەكشى ئارىلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

4. ئومۇميۈزلۈك تەڭشەش تەدبىرىنى قوللىنىپ، كېۋەزنىڭ تىمەن ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تېمىتىپ سۇغىرىلىدىغان ئېتىزلارنىڭ سۇ، ئوغۇتى مۇۋاپىق بولسا بوغۇم قىسقارتىش دورىسى (缩节胺) نى ئازراق ئىشلەتسە بولىدۇ. بىر قېتىمدىلا دورا مىقدارىنى بەك كۆپەيتىۋېتىشكە بولمايدۇ. تېمىتىپ سۇغىرىش، ئوغۇتلاشتىن ئىلگىرى ئۆسۈپ كەتكەن كېۋەزلەرنى تېمىتىپ سۇغىرىشتىن ئىلگىرى خىمىيەلىك كونترول قىلىش لازىم. كېۋەزنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى ۋە دەرىجىسىگە قاراپ بوغۇم قىسقارتىش دورىسىنى ھەر مو يەرگە 1 ـ 2 گىرام سۇغا قوشۇپ تەكشى پۈركۈش لازىم، دورا پۈركۈگەندە كېۋەز تۈپىنىڭ ئاستى ـ ئۈستىگە تەكشى پۈركۈپ، دورا ئۈنۈمىنى يۇقىرىلىتىش لازىم. سۇ تېمىتىش تەكشى بولماسلىقتىن قىسمەن ئۆسۈپ كەتكەن كېۋەزلىككە دورا پۈركۈگەندە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، قايتا ئۆسۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. (03)

# زامانىۋى ئۇسۇلدا كۆكتات مايسىسى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى

ئايشەم ياسىن
(بۈگۈر ناھىيە قارىباغ يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841600)

1. مايسا مەخسۇس مايسا يېتىشتۈرۈش ئەسلىھەسىدە ئۆستۈرۈلگەچكە، مايسا سىرتقى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىمايدىغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مايسىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تېزلىتىپ، يېشىغا ماس تەمەن مايسىلارنى يېتىشتۈرگىلى ۋە كۆكتات مەزگىلىنى جانلىق ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

2. مايسا مەخسۇس مايسا يېتىشتۈرۈش قاچىسىدا يېتىشتۈرگەچكە مايسا يېتىشتۈرۈش تۇپىسى ياكى مايسا يېتىشتۈرۈش ئاساسىي ماددىسىنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، مايسا يىلتىزىنى قاچا ئىچىدە مۇكەممەل ساقلاپ، كۆچۈرۈپ تىكىلگەن كۆكتات مايسىسىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تولۇق ئەسلىگە كېلىپ، بالدۇر مېۋىلىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى، مايسا يېتىشتۈرۈش جەريانىدىكى مەشغۇلاتلارنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا ۋە يۇمران مايسىلارنى يۆتكەش، توشۇش، پەرۋىش قىلىشقا ئىنتايىن قولايلىق شارائىت ھازىرلىغىلى بولىدۇ.

3. كۆكتات مايسىسى يېتىشتۈرۈشتە، كۆكتات ئورۇقىنى تاللاشتىن تارتىپ مايسا يېتىشتۈرۈش جەريانىدىكى پەرۋىشكىچە ھەممىسى ئۆلچەملىك تېخنىكا تەلەپ بويىچە ئېلىپ بېرىلسا مايسا سۈپىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

4. مايسا يېتىشتۈرۈش، پەرۋىشى ماشىنىلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئەمگەك كۈچلىرىنى تېجەپلا قالماستىن، ئەمگەك ئۈنۈمى ۋە مايسا يېتىشتۈرۈش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

5. مايسا يېتىشتۈرۈشتە مەخسۇس تەييارلانغان ئوزۇقلۇق تۇپىسى ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق يۇمران مايسىلارنىڭ ئوزۇقلىنىشىنى تېزلىتىپ، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ مەنبەسىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

6. زامانىۋى ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈلگەن مايسىلارنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە يېتىش دەرىجىسى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن مايسىلارنىڭ تاۋارلىق قىممىتىنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. (05)

# كېۋەزنىڭ ئوتتۇرا، ئاخىردىكى پەرۋىش تېخنىكىسى

گۈلسۈمئاي ئويۇپ
(قۇمۇل شەھىرى ئىچى يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 839000)

1. ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش، ھەر مو يەرنى 15 كىلوگىرام ئەترا-پىدا ئازوت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاپ ئارقىدىنلا سۇغىرىش، بۇ ئارقىلىق كېۋەز تۈپى ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇقلارنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇقلاشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

2. چېچەك ۋە غوزىلاش مەزگىلىدە خىمىيەلىك كونترول قىلىش خىز-مىتىنى چىڭ تۇتۇش، كېۋەز تۈپىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، دورا مىقدارىنى بەلگىلەش، يەنى ھەر مو يەرگە 3 ـ 4 گىرام بوغۇم قىسقارتىش دورىسى پۈركۈش ئارقىلىق، كېۋەز تۈپىنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

3. مۇۋاپىق پەيتتە سۇغىرىش، يەنى تۇنجى سۇيىنى مۇۋاپىق كېچىكتۈ-رۈپ قويۇش، چېچەك سۇيىنى تۇجۇپىلەپ قويۇش، سۇغىرىش مىقدارىنى ياخشى كونترول قىلىپ، كېۋەز ئېتىزىنىڭ مۇۋاپىق نەملىكىنى ساقلاش، بۇ ئارقىلىق كېۋەز تۈپى بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىش ۋە غۇنچە، غوزىلار تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

4. 2 ـ 3 قېتىم يوپۇرماق ئوغۇتى پۈركۈش، يەنى مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇت بىلەن مۇۋاپىق مىقداردىكى بوغۇم قىسقارتىش دورىسىنى ئارىلاش-تۇرۇپ يوپۇرماقتىن پۈركۈش ئارقىلىق، كېۋەز تۈپىنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

5. ئۇچىنى مۇۋاپىق بالدۇر ئۈزۈش، جايلار مۇۋاپىق پەيتتە كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈش ئارقىلىق ئوزۇقلۇقنىڭ غۇنچە ۋە غوزا قىسمىغا مەركەز-لىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، غوزا ئېغىرلىقىنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قى-لىش، شۇنداقلا ئۇچىنى ئۈزگەندىن باشلاپ 8 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە ھارام شاخ، قېرى يوپۇرماقلارنى ئېلىۋېتىش ۋە ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش ئارقىلىق كېۋەز ئېتىزىنىڭ يورۇقلۇق ۋە ھاۋا ئۆتۈشۈش شارائىتىنى ياخ-شىلاش كېرەك.

# پارنىكتا بۆلجۈرگەن ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تېخنىكىلىق ھالقىلار

بوخىلىچەم ئەمەت
(ئاقتۇ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 845550)

بۆلجۈرگەن تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا بىر قەدەر چىدامLIق، كۆپەيتىش ئاسان مېۋە بولغاچقا، پارنىك ـ لاپاسلاردا ئۆستۈرۈشكە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۆلجۈرگەننى ئەسلىھەلىك ئۆستۈرۈشتە، كۆزدە كېچىكتۈرۈپ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ئاساس قىلىنىدۇ.

**1. يەر تەييارلاش:** ئالدىن تازىلاپ دېزىنفېكسىيەلەپ، ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىپ، قاندۇرۇپ سۇ قويۇلغان پارنىك ـ سولياۋ لاپاس يېرىنى 25 ـ 30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا تەكشى ئاغدۇرۇپ، توپىسىنى يۇمشىتىپ تەكشى تۈزلەپ، جەنۇب شىمال يۆنىلىشىدە قىر سېلىنىدۇ، قىرنىڭ كەڭلىكى 70 سانتىمېتىر، چۆنەك كەڭلىكى 30 سانتىمېتىر بولسا بولىدۇ، قىرنىڭ ئۈستىگە ھەم قىلىپ يالتىراق يوپۇق يېپىلىدۇ.

**2. كۆچۈرۈپ تىكىش ۋاقىت ئۆلچىمى ۋە ئۇسۇلى:** ئاتۇش، ئاقتۇنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا؛ ئۇلۇغچات، ئاقچى رايونلىرىدا 9 ـ ئاينىڭ باش ۋە ئوتتۇرىلىرىدا پارنىكقا كۆچۈرۈپ تىكىلىدۇ. سولياۋ لاپاسقا كۆچۈرۈپ تىكىش ۋاقتى تەخمىنەن 10 ـ 15 كۈن بۇرۇن بولىدۇ. ھەربىر قىرغا قۇر ئارىلىقىنى 40 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقىنى 15 سانتىمېتىر قالدۇرۇپ ئىككى

---

6. كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش كېرەك. كېۋەزنىڭ ئاساسلىق كېسەللىكىدىن سولۇشۇپ قۇرۇش كېسىلى ۋە سارغىيىپ قۇرۇش كېسىلى، ئاساسلىق زىيانداش ھاشاراتلىرىدىن كېۋەز غوزا قۇرتى ۋە كېۋەز كۆك پىتى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇنىڭغا قارىتا «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش» ئۇسۇلى بويىچە زىياننى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش، كېۋەز ئېتىزىدا قارىغۇلارچە ئومۇمىيۈزلۈك دورا ئىشلىتىشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك.

7. ئۆز ۋاقتىدا يىغىۋېلىش، يەنى غوزا تولۇق ئېچىلغاندا ئۆز ۋاقتىدا يىغىۋېلىش، ئايرىم يىغىپ، ئايرىم ساقلاپ پاختا سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

8. ئېتىزدا قالغان قالدۇق يالتىراقلارنى يىغىپ بىر تەرەپ قىلىش، يەنى كېۋەزنىڭ دەسلەپكى سۇيىنى قويۇشتىن بۇرۇن يالتىراق يوپۇقنى ئېلىۋېتىش، پاختىنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن قالدۇق يالتىراقلارنى پاكىز يىغىپ كۆيدۈرۈپ، تۇپراقنىڭ قايتا بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. (05)

قۇر قىلىپ، ھەربىرىگە بىر تۈپ مايسا تىكىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا (ھەر مو) غا تەخمىنەن 7500 ـ 8000 تۈپ مايسا كۆچۈرۈپ تىكىلىدۇ. ئادەتتە ئۆز ئارا چاڭلىشىپ مېۋىلەش نىسبىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەلا سۈپەتلىك ئىككى خىل سورتنى گىرەلەشتۈرۈپ تىكىش تەلەپ قىلىنىدۇ. كۆچۈرۈپ تىكىشتە ئاۋۋال قىر ئۈستىگە ئۆلچەم بويىچە ئۇۋا ئېچىپ، يىلتىزىنى ئۇۋىغا سېلىپ نەم توپا بىلەن كۆمۈش، تىكىش چوڭقۇرلۇقىنى ئىگىلەشتە ئۆسۈش نۇقتىسىنى كۆمۈۋەتمەسلىك، يىلتىزى ئېچىلىپ قالماسلىقى، تىكىپ بولۇپلا بىر قېتىم سۇغىرىش كېرەك.

**3. كۆچۈرۈپ تىككەندىن كېيىنكى پەرۋىشى:** كۆچۈرۈپ تىكىلگەن مەزگىل تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولىدىغان مەزگىل بولغاچقا، پارنىكنىڭ يالتىراق يوپۇقى يېپىلمايدۇ، مايسىنىڭ تۈتۈپ ئەي بولۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئۈستىگە تور يېپىپ سايە چۈشۈرىلىدۇ ۋە ئاز ـ ئازدىن 1 ـ 2 قېتىم سۇغىرىپ تۇپراق نەملىكى ساقلىنىدۇ. (1) مايسا ئۇلتۇرغۇزۇش: مايسا تۈتۈپ يېڭى يوپۇرماق چىقىشقا باشلىغاندا سۇنى تىزگىنلەپ چۆنىكىنى چاناپ يۇمشىتىپ، مايسىنىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلەپ، گۈل بىخلىرىنىڭ بۆلىنىشى تېزلىتىلىدۇ. 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا تۈپى پاكارلاپ تىنچلىنىش (ئۇيقۇ) ھالىتىگە كىرىشكە باشلايدۇ، بۇ چاغدا قىشلىق توڭ سۇيى قويۇلىدۇ. (2) پارنىك يوپۇقىنى يېپىش: سىرتنىڭ كېچىلىك تېمپېراتۇرىسى 5℃ ـ 8℃ قىچە چۈشكەندە، يەنى تۇنجى قىراۋ چۈشۈش ئالدىدا پارنىك ـ سولياۋ لاپاسلارنىڭ يالتىراق يوپۇقى يېپىلىدۇ. بۇ چاغدا تېمپېراتۇرىنى كۈندۈزى 15℃ ـ 20℃ قىچە ساقلاش، 25℃ تىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇ ھالەتتە 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تۇرغۇزۇپ، ئاندىن ئۈستىگە پارنىك يېپىنچىسىنى يېپىپ، مەجبۇرىي تىنچلىنىش ھالىتىگە كىرگۈزىلىدۇ. شۇ ھالەتتە بىر ئاي تىنچلىنىش ھالىتىدە تۇرغۇزغاندىن كېيىن، 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا ـ ئاخىرلىرىدا يوتقاننى ئېچىپ تىنچلىنىشنى بۇزۇپ، چېچەكلەپ مېۋىلەشكە يېتەكلىنىدۇ؛ (3) تېمپېراتۇرىنى باشقۇرۇش: پارنىك يېپىنچىسىنى ئېچىشتا دەسلەپتە 1/3 قىسمىنى ئېچىپ ئىككى كۈن، 2/3 قىسمىنى ئېچىپ ئىككى كۈن تۇرغۇزۇپ بىر ھەپتىلەردىن كېيىن تولۇق ئېچىۋېتىش كېرەك. ھەرقايسى ئۆسۈپ راۋاجلىنىش باسقۇچلىرىدا تېمپېراتۇرا ئۆسۈپ يېتىلىشى مەزگىلىدە كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا 25℃ ـ 28℃، كېچىلىك تېمپېراتۇرا 8℃ ـ 12℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا چېكى 30℃؛ غۇنچىلاشتىن بورۇنقى مەزگىلدە كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا 20℃ ـ 25℃، كېچىلىك تېمپېراتۇرا 8℃ ـ 12℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 28℃؛ غۇچىلاش مەزگىلىدە كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا 20℃ ـ 25℃، كېچىلىك تېمپېراتۇرا 8℃ ـ 12℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 28℃؛ چېچەكلەش، مېۋە چوڭىيىش مەزگىلىدە كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا 20℃ ـ 25℃، كېچىلىك تېمپېراتۇرا 8℃ ـ 12℃، ئەڭ يۇقىرى تېمـ

پېراتۇرا 28℃؛ پىشىش مەزگىلىدە كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا 18℃ ـ 22℃، كېچىلىك تېمپېراتۇرا 8℃ ـ 12℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 28℃ بولۇش تەلەپ قىلىدۇ. قار ياغقان ياكى ئۇدا ھاۋا تۇتۇق بولغان كۈنلەرى تېمپېراتۇرا ئۆلچىمىدىن 3℃ ـ 4℃ قىچە تۆۋەن بولۇپ قالسا چوڭ تەسىرى بولمايدۇ، ئەمما پەرق 5℃ تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك؛ (4) نەملىكنى تەڭشەش: مۇۋاپىق ۋاقىتتا ھاۋا ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پارنىك ـ سولياۋ لاپاس ھاۋاسىنىڭ نىسپىي نەملىكىنى ئىمكانقەدەر تۆۋەنلىتىپ تۇرۇش، سۇغىرىش توغرا كەلسە چۈشتىن كېيىن سۇ قۇيۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، ھاۋانىڭ نىسپىي نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. پارنىك ـ لاپاس ھاۋاسىنىڭ نىسپىي نەملىكى 50% ـ 60% ئەتراپىدا بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ، ئەمما تۇپراقنىڭ دائىم نەم ھالەتتە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ (5) يورۇقلۇقنى تەڭشەش: پارنىك يوتقىنىنى ئېچىپ تېمپېراتۇرىنى ئۆرلىتىشكە باشلىغان ھامان يورۇقلۇقنى ئىمكانقەدەر كۈچەيتىش ئارقىلىق تىنچلىنىشنى بۇزۇشنى تېزلىتىش، كېيىنكى مەزگىللەردىمۇ يورۇقلۇقنىڭ كۈچلۈكرەك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ھاۋا تۇتۇق كۈنلەرىمۇ پارنىك يوتقىنىنى مۇۋاپىق ئېچىپ يورۇقلۇق بىلەن تەمىنلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ (6) باشقا تەدبىرلەر: قېرىغان، سارغايغان يوپۇرماقلارنى ئۆز ۋاقتىدا يۇلۇۋېتىش، گۈل رېتىدە تەخمىنەن 4 ـ 5 تالغىچە ساغلام گۈل قالدۇرۇپ، كېيىن گۈل رېتىنىڭ ئۈچ قىسمىدا يان شاخ ھاسىل قىلىپ شەكىللەنگەن ئۈششاق، ئاجىز چېچەك، غۇنچىلارنى ئېلىۋېتىش ئارقىلىق ئوزۇقلۇقنىڭ بىھۇدە سەرپ بولۇپ كېتىشىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك؛ (7) ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش: ھەر مودىكى كۆپ يىللىق ياۋا ئوتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئوت ـ چۆپ 3 ـ 5 كىچە يوپۇرماق چىقارغاندا 12% لىك گاللانت (盖草能) دورىسىدىن 8 ـ 18 گىرام ئېلىپ، 10 ـ 20 كىلوگىرام سۇ قوشۇپ سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش ياكى 35% لىك ئۈنىنسد (稳杀得) سۇتسىمان مايلىق دورىسىدىن 60 ـ 90 گىرام ئېلىپ، 10 ـ 30 كىلوگىرام سۇ قوشۇپ سۇيۇلدۇرۇپ، ئوت ـ چۆپ 3 ـ 5 تال يوپۇرماق چىقارغاندا چېچىش كېرەك.

**4. مېۋىسىنى يىغىۋېلىش:** بۆلجۈرگەن پارنىك، لاپاسلارغا كۆچۈرۈپ تىكىلىپ چېچەكلىگەندىن كېيىن، مېۋىسى بىر ئايدا پىشىدۇ، پىشىشتا يېشىلدىن دەسلەپ ئاقىرىپ، ئاندىن قىزىرىدۇ ۋە يۇمشاپ خۇشپۇراق تارقىتىدۇ. ئادەتتە مېۋىسىنىڭ تەخمىنەن 2/3 قىسمى قىزىرىپ 1/3 قىسمى ئاقۇش ھالەتتە تۇرغان مەزگىلدە يىغىۋالسا بولىدۇ. يىغىۋېلىشتا ئەتىگەنلىك شەبنەم قۇرىغاندىن كېيىن، ھاۋا ئىسسىپ كېتىشتىن بۇرۇن يىغىۋېلىش، دەسلەپكى مەزگىلدە پىشقانلىرىنى، كېيىن راسا پىشقاندا ھەركۈنى ياكى كۈن ئارىلاپ توركۈملەپ يىغىۋېلىش لازىم. مېۋىنى ئۈزۈشتە باش بارماق بىلەن كۆرسەتكۈچ بارماق ئارقىلىق مېۋە سايىقىنى چىمدىپ ئۈزۈپ ئاستا قويىلىدۇ، ھەرگىز مېۋە قىسمىنى تۇتۇپ يۇلۇپ ئېلىشقا بولمايدۇ. (03)

# باراڭدا پىدىگەن ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

زىلەيبۇ ئىمام  ئادىل موسا
(غۇلجا شەھىرى كېپەكيۈزى يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835011)

**1. مايسا يېتىشتۈرۈش:** مايسىنى ئەڭ ياخشىسى ئوزۇقلۇق قاچىسى ياكى ئوزۇقلۇق تاختىسىدا يېتىشتۈرۈش لازىم. مايسا يېتىشتۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان توپا چوقۇم دېزىنفېكسىيە قىلىنىشى ھەم ئورۇق تېرىغاندىن كېيىن مايسىزارلىققا پۈلىكې (普力克) پۈركۈش ئارقىلىق توساتتىن يېتىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ھاشارات توسۇش تورى ئىشلىتىپ، كۆك پىت قاتارلىقلار ئارقىلىق تارقىلىدىغان ۋىرۇس كېسەللىكىنىڭ يامراپ كېتىشىنى كونترول قىلىش لازىم.

**2. ئوغۇتلاش:** پىدىگەن باراقسان ئۆسىدىغان بولۇپ، ئوزۇقلۇق تەركىبى مول تۇپراقتا ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدۇ. ئادەتتە ھەر مو يەرگە 6 ـ 8 كۇپ مېتىر توخۇ مايىقى، 100 كىلوگىرام بىرىكمە ئوغۇت، 20 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات(磷酸二铵) بېرىلىدۇ. مېۋە يوغىناش مەزگىلىدە سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ مۇۋاپىق قوشۇمچە ئوغۇتلاش لازىم.

**3. ئۆستۈرۈش زىچلىقى:** تۈپ ئارىلىقىنى45 ـ 50 سانتىمېتىر، قۇر ئارىلىقىنى 75 ـ 80 سانتىمېتىر قىلىپ، ھەر مو يەردە 1500 ـ 1800 تۈپ مايسا قالدۇرۇش لازىم.

**4. شاخ رەتلەش:** قوش شاخ قالدۇرۇپ شاخ رەتلەشتە ئاساسىي غولدا مېۋە قالدۇرۇلىدۇ. پىدىگەن باراقسان ئۆسۈش مەزگىلىدە يان شاختىن بىر تال مېۋە قالدۇرۇپ، يان شاخ مېۋىلىگەندىن كېيىن بىر تال يوپۇرماق قالدۇرۇپ ئۇچى ئۈزۈلىدۇ.

**5. چېچەككە ھورمون سۈرۈش:** ئادەتتە چېچەككە D ـ 2.4 ياكى گىبىرلىن سۈرۈلىدۇ. ھورمۇننىڭ ئىشلىتىش قويۇقلۇقى قىشتا 25PPm ـ 30، يازدا 20PPm ـ 25 قىلىپ تەڭشىلىدۇ. قويۇقلۇقى بەك ئېشىپ كەتسە پىدىگەن مېۋىسىنىڭ نورمال ئۆسۈشىگە تەسىر يېتىپ، غەيرىي مېۋە شەكىللىنىپ قالىدۇ. (02)

## پارنىك ۋە يالتىراق لاپاستا ئۆستۈرۈلگەن تاۋۇزنى سۇنئىي ئۇسۇلدا چاڭلاشتۇرۇش ئۇسۇلى

روزىگۈل ئابدۇقادىر
(توققۇزتارا ناھىيە تاشتۆپە يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835405)

تاۋۇز ھاشارات ئارقىلىق چاڭلىنىشىدۇ. پارنىك تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن، نەملىك يۇقىرى، ھاشاراتلار ئاز ياكى يوق ئەھۋالدا سۇنئىي ئۇسۇلدا چاڭلاشتۇشتۇرۇش لازىم. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

**1. سويما قالدۇرىدىغان بوغۇم ئورنىنى تاللاش:** سويما قالدۇرۇلىدىغان بوغۇم ئورنى تاۋۇزنىڭ مەھسۇلات سۈپىتى ۋە پىشىش ۋاقتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا سويما قالدۇرىدىغان ئورۇننى مۇۋاپىق تاللاش كېرەك. ئادەتتە پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن تاۋۇز تاق پىلەكلىك قىلىپ رەتلىنىدۇ. تاۋۇز ئاساسىي پىلەكتىن مېۋىلەشنى ئاساس قىلىدىغان بولۇپ، چىلگە تاۋۇزلاردىكى بىرىنچى ئانىلىق چېچەك 6 ـ، 8 ـ بوغۇملاردا شەكىللىنىدۇ. لېكىن بىرىنچى چېچەكتە كىچىك، ماياق سويما كۆپ بولۇپ، سۈپىتى ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا 2 ـ، 3 ـ ئانىلىق چېچەكتە سويما قالدۇرۇش لازىم.

**2. ئانىلىق چېچەكنى تاللاش:** ئانىلىق چېچەكنى تاللىغاندا چوقۇم تولۇق يېتىلگەن، چېچەك ساپىقى ئۇزۇن ھەم توم بولغىنىنى تاللاش كېرەك.

**3. ئاتىلىق چېچەكنى تاللاش:** ئاتىلىق چېچەك ئېچىلغان ۋاقىتتا گۈل چاڭلىرى ئاللىقاچان يېتىلگەن بولۇپ، چاڭلىنىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدۇ. ئاتىلىق چېچەكنى تاللىغاندا چوقۇم شۇ كۈنى ئېچىلغان، گۈل بەرگى چوڭلىرىنى تاللاش لازىم.

**4. چاڭلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقتى:** ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى سائەت توققۇز ئەتراپىدا چېچەك تولۇق ئېچىلىپ چاڭ تارقىتىشقا باشلايدۇ.

چۈشتىن كېيىن سائەت بىرلەر ئەتراپىدا گۈل بەرگى يۇمۇلۇشقا باشلايدۇ. شۇڭا سائەت 9 ـ 13 گىچە بولغان ۋاقىتتا چاڭلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ.

**5. سۈنئىي چاڭلاشتۇرۇشنى تاماملاش ۋاقتى:** سۈنئىي چاڭلاشتۇرۇشنى 10 كۈن ئىچىدە تاماملاش لازىم. ئەگەر چاڭلاشتۇرۇش ۋاقتى 10 كۈندىن ئېشىپ كەتسە سويما سۈپىتى ناچارلىشىپ، يوغىنىشى تەكشى بولماي قالىدۇ.

**6. سۈنئىي چاڭلاشتۇرۇش ئۇسۇلى:** شۇ كۈنى ئېچىلغان ئاتىلىق چېچەكنى ساپىقى بىلەن قوشۇپ ئۈزۈۋېلىپ، گۈل بەرگىلىرىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ئانىلىق چېچەكنىڭ ئىچىگە توغرىلاپ بىر نەچچە قېتىم تەگكۈزۈپ قويسا ياكى كىچىك موي قەلەمنى ئاۋۋال ئاتىلىق چېچەك ئىچىدە يېنىك ئايلاندۇرۇپ، گۈل چاڭلىرىنى موي قەلەمگە يۇقتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئانىلىق چېچەك ئىچىگە سىلىپ بىر نەچچە قېتىم ئايلاندۇرسا بولىدۇ.

**7. تەكشۈرۈش:** سۈنئىي ئۇسۇلدا چاڭلاشتۇرۇپ ئۈچىنچى كۈنى چاڭلاشقان ـ چاڭلاشمىغانلىقىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈش كېرەك. ئەگەر سويما ساپىقى ئاستىغا ئېگىلگەن، سويما يوغىناشقا باشلىغان بولسا چاڭلاشقانلىقىنى، سارغىيىپ قالغان بولسا چاڭلاشمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**8. مەشغۇلات ئۇسۇلى:** چاڭلاشتۇرۇش جەريانىدا ھەرىكەت يەڭگىل بولۇش، ئانىلىق چېچەكنى بىۋاسىتە تۇتماي، ساپىقىنى ئىككى بارماق ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇش، چېچەكنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

**9. پەرۋىشى:** سۈنئىي چاڭلاشتۇرۇش مەزگىلىدە سۇ قويماسلىق، پارنىك ئىچىنىڭ نىسپىي نەملىكىنى %50 ـ %60 تا كونترول قىلىش، يورۇقلۇقنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرىسىنى ℃25 ـ ℃30 تا، كېچىلىك تېمپېراتۇرىسىنى ℃15 ـ ℃20 تا كونترول قىلىش لازىم. (02)

# پارىنىك تۇپرىقىنى ياخشىلاش ئۇسۇللىرى

مەلىكە
(قۇتۇبى ناھىيە دافېڭ بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 831205)

پارنىك تۇپرىقىنىڭ قانداق بولۇشى كۆكتاتنىڭ مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

1. ئورگانىك ئوغۇت بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاش كېرەك. پارنىك كۆكتاتلىرىنى ئورگانىك ئوغۇت بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلىسا مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، تۇپراقنى مۇنبەتلەشتۈرگىلى بولىدۇ. تۇپراقتىكى نىترىت كىسلاتا قاتارلىقلارنىڭ توپلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئورگانىك ئوغۇتلارنى تولۇق چىرىتىپ ئىشلىتىش، ئوغۇتنى پارنىك ئىچىدە ئۇزۇن ۋاقىت دۆۋىلەپ قويماسلىق كېرەك.

2. ئورگانىك ئوغۇت بىلەن خىمىيەلىك ئوغۇتنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك، يەنى بىر مو پارنىك ئېتىزىغا چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇتتىن 4 ـ 5 مىڭ كىلوگىرام، بىرىكمە ئوغۇتتىن 20 كىلوگىرام بەرسە تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرغىلى، شۇنداقلا تۇپراق شورلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

3. يالتىراق يوپۇق ياپقان ئېتىزغا ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش كېرەك. يوپۇق يېپىپ بولغاندىن كېيىن ئوغۇتلاش بىرقەدەر قىيىن بولىدۇ. شۇڭا ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك ھەم تەكشى چېچىپ، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، تىرنىلاپ، ئاندىن يوپۇق يېپىش لازىم. تولۇق چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىسا تۇپراقنىڭ خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتىنى ياخشىلاپ، ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

4. تۇپراق نەملىكىنى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك. ھەر خىل كۆكتاتلارنىڭ تۇپراق نەملىكىگە بولغان تەلىپى ئوخشاش بولمايدۇ. تېيىز يىلتىزلىق كۆكتاتلار، مەسىلەن: تەرخەمەك، مۇچ، كەرەپشە قاتارلىق كۆكتاتلار نەمخۇش تۇپراقتا بىرقەدەر ياخشى ئۆسىدۇ، شۇڭا سۇغىرىش قېتىم سانى ۋە مىقدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. چوڭقۇر يىلتىزلىق كۆكتاتلار، مەسىلەن: شوخلا،

# ئانارلىق باغلارنى ئوغۇتلاش تېخنىكىسى

ئابدۇقادىر ئىزىز
(يېڭىسار ناھىيە ئوچا يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 844507)

**1. ئاساسىي ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش:** كونكرېت ئوغۇتلاش ئۇسۇلى ئانار دەرىخىنىڭ يېشى، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئوغۇتلاش مەزگىلىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئانارلىق باغلارغا كۆپ ئىشلىتىدىغان ئاساسلىق ئوغۇتلار مەھەللىۋى ئوغۇت، كۇنجۇرە، ئۇستىخان پارچىلىرى ۋە بىرىكمە ئوغۇت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئاساسىي ئوغۇت كۆپىنچە ئانار دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى ئۈزۈۋالغاندىن تارتىپ يوپۇرمىقى چۈشۈپ كۆمگىچە بولغان ئارىلىقتا بېرىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى كۈزدە ئوغۇتلىسا، ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. چۈنكى كۈزدە ئوغۇتلىغاندا ئوغۇت قىشچە تۇپراقتا پارچىلىنىپ يىلتىزلارنىڭ سۈمۈرۈشىگە ئاسان بولغان ئىيون ھالىتىگە كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاناردىكى تولۇق يېتىلگەن چېچەك مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمى ئوغۇتلاش ئۇسۇلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئادەتتە ھەر تۈپ كۆچەتكە 10 ـ 15 كىلوگىرام، بولۇق مېۋىلىگەن ئانار دەرىخىنىڭ ھەر تۈپىگە 30 ـ 50 كىلوگىرام ئورگانىك ئوغۇت بېرىلىدۇ. ئاندىن خىمىيەلىك ئوغۇتلاردىن ھەر تۈپكە 200 ـ 500 گىرامنى دەرەخ تۈۋىگە چۆنەكلەپ ياكى ئورگانىك ئوغۇتقا ئا-

---

چامغۇر، تۇرۇپ، قوغۇن، تاۋۇز قاتارلىقلار قۇرغاقچىلىققا بىرقەدەر چىدام-لىق، شۇڭا ئىمكانقەدەر ئاز سۇغىرىش كېرەك.

كۆكتاتلارنىڭ ھەرقايسى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدىكى سۇغا بولغان تەلىپىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مايسا مەزگىلىدە يىلتىز سىستېمىسىنىڭ سۈمۈرۈش ئىقتىدارى بىرقەدەر ئاجىز بولغاچقا، بۇ مەزگىلدە تۇپراقنى پات ـ پات كولتىۋاتسىيە قىلىپ، مۇۋاپىق نەملىك ساقلاش كېرەك. تۈپلەنىش مەزگىلىدە سۇنى تىزگىنلەپ، مايسا ئولتۇرغۇزۇپ، يىلتىز تارتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مېۋىلەش مەزگىلىدە پات ـ پات سۇغىرىپ، تۇپراق نەملىكىنى %80 ئەتراپىدا كونترول قىلىش، قۇرغاقچىلىققا چىدام-لىق كۆكتاتلارنى كۆپ سۇغارماسلىق كېرەك. (05)

رىلاشتۇرۇپ بەرسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئانارنى ئاساسىي ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش تۆۋەندىكىچە: (1) ئېرىق ئېچىپ ئوغۇتلاش: بۇ ئۇسۇلدا دەرەخنىڭ غولىدىن 50 ـ 100 سانتىمېتىر يىراقلىقتىن ئىككى تەرەپتىن چوڭقۇرلۇقى 50 ـ 60 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 30 ـ 50 سانتىمېتىر چۆنەك ئېچىپ ئوغۇتنى تۆكۈپ كۆمۈش لازىم. ئەگەر ئەمگەك كۈچى يېتەرلىك بولسا، ئانار دەرىخىنىڭ ئىككى تەرىپىنى باشتىن ـ ئاخىر كولاپ ئوغۇتلىغاندا، ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. يەنە بىر يىلى ئوغۇتلانمىغان يەنە بىر قۇرنىڭ ئىككى تەرىپى ئوخشاش ئۇسۇلدا چۆنەك ئېچىپ ئوغۇتلىنىدۇ؛ (2) نۇرسىمان ئوغۇتلاش: دەرەخ غولىدىن 30 ـ 50 سانتىمېتىر يىراقلىقتىن سىرتقا قارىتىپ نۇرسىمان ھالەتتە چۆنەك كولىنىدۇ، كولىنىدىغان چۆنەكلەرنىڭ ئەڭ سىرتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 50 ـ 60 سانتىمېتىر بولسا بولىدۇ. كولىنىدىغان چۆنەكنىڭ سانىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ؛ (3) ھالقىسىمان ئورەك كولاپ ئوغۇتلاش: دەرەخ تاجىسىنىڭ ئاستىدىن چوڭقۇرلۇقى 50 ـ 60 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 30 سانتىمېتىر قىلىپ ئورەك كولىنىدۇ، ئاندىن ئوغۇتنى ئورەك ئىچىگە تۆكۈپ توپا بىلەن كۆمۈۋېتىلىدۇ؛ (4) پۈتۈن باغنى ئوغۇتلاش: باغنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئوغۇت چېچىپ ئاغدۇرۇلىدۇ، بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى ياخشى، لېكىن ئوغۇت كۆپ كېتىدۇ.

**2. قوشۇمچە ئوغۇتلاش:** ئانارنىڭ يوپۇرماق، نوتىلىرىنىڭ سۇيۇقلۇقىنى سۈمۈرۈش خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ قوشۇمچە ئوغۇت يوپۇرماققا چېچىلىدۇ. ئوغۇتنىڭ قويۇقلۇقىنى 0.2% ـ 0.5% دائىرىدە كونترول قىلىش كېرەك. ئوغۇت چاچقاندا ئەتىگەندە ياكى كەچتە چېچىش بولۇپمۇ، يامغۇر يىغىشتىن بۇرۇن، شامال چىققان كۈنلىرى ۋە چىڭقى چۈشتە چېچىشتىن ساقلىنىش لازىم. بۇ خىل ئوغۇت ئانارنىڭ ھەرقايسى ئۆسۈش دەۋرىدىكى ئۆسۈشىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى، مېۋىلىشىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى ۋە تۇپرىقىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىغا ئاساسەن بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسەن، خىمىيەلىك ئوغۇت بېرىپ ئوزۇقلۇق تولۇقلىنىپ، ئۆسۈش بىلەن

مېۋىلەش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەڭشىلىپ، نورمال ئۆسۈش ۋە مېۋىلەش كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. ئانارنى قوشۇمچە ئوغۇتلاش تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ: ① چېچەكلەشتىن بۇرۇن قوشۇمچە ئوغۇتلاش: ئانار دەرىخى بىخلىنىپ چېچەك غۇنچىسى كۆرۈنگەندە، ئۇنۇمى تېز ئازوتلۇق ئوغۇت بېرىلىپ، ئوزۇقلۇق ئۆسۈشى ۋە نۇر بىرىكتۈرۈش (فوتوسىنتېز) رولى كۈچەيتىلىدۇ ھەمدە چېچىكىنىڭ تولۇق ئېچىلىشى تېزلىتىلىپ، چېچەك، مېۋىسىنىڭ تۆكۈلۈشى ئازايتىلىپ، مېۋىلەش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭدا قېرى، ئاجىز دەرەخلەر ۋە ئالدىنقى يىلى كۆپ مېۋە بەرگەن دەرەخلەر كۆپرەك ئوغۇتلىنىدۇ؛ ② مېۋىسى چوڭىيىۋاتقان مەزگىلدە قوشۇمچە ئوغۇتلاش: مېۋىلىمەيدىغان چېچەكلىرى ئاساسەن تۆكۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئازوتلۇق، فوسفورلۇق تېز ئۇنۇم بېرىدىغان ئوغۇتلارنى بەرگەندە، مېۋىنىڭ تۆكۈلۈشىنى ئازايتىپ، مېۋىنىڭ چوڭىيىشىنى تېزلىتىپ، شۇ يىللىق مەھسۇلاتنى ئاشۇرىدۇ؛ ③ مېۋە رەڭ ئالغاندا قوشۇمچە ئوغۇتلاش: مېۋىنى يىغىۋېلىشتىن بىر ئاي بۇرۇن مېۋە پوستىغا رەڭ كىرىپ، ھەجمى تېز سۈرئەتتە چوڭىيىدۇ. بۇ مەزگىلدە قوشۇمچە ئوغۇتلىغاندا، مېۋىنىڭ چوڭىيىشىنى تېزلىتىپ، چوڭ ـ كىچىكلىكىنىڭ بىردەك بولۇشى، رەڭگىنىڭ قېنىق بولۇشى ۋە مېۋە دانلىرى سۈپىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا ھەم چېچەك بىخلىرى تولۇق يېتىلىپ، 2 ـ يىلى مول ھوسۇل بېرىشكە ئاساس سالغىلى بولىدۇ، بۇ مەزگىلدە فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتلار ئاساس قىلىنىدۇ. ئەگەر يوپۇرماق رەڭگى سۇس بولسا، ئازوتلۇق ئوغۇت ئارىلاشتۇرۇپ بەرسىمۇ بولىدۇ. ئوغۇتلاشتا ھەر 10 كۈندە بىر قېتىم كالىي ھىدرو فوسفاتنى 0.3%، ئورېيانى 0.2% سۇيۇلدۇرۇپ يوپۇرماققا چاچسا ئۇنۇمى ياخشى بولىدۇ. قوشۇمچە ئوغۇت يۇقىرىدىكىدەك قويۇقلۇق دەرىجىسى بويىچە يوپۇرماققا چېچىلىدۇ ياكى تۈپلەرنىڭ ئەتراپىغا سۇغىرىشتىن بۇرۇن چۆنەكلەپ ھەر تۈپكە 200 ـ 500 گىرام بېرىلىدۇ. (05)

# قالدۇق يالتىراق يوپۇقنىڭ تېرىلغۇ يەرگە زىيىنى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

مېھمانگۇل سايىم
(جىلڭ ناھىيە داخىيەنزى بازىرى دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 833305)

**1. يالتىراق يوپۇقنىڭ زىيىنى:** يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىش تەرەققىياتىنىڭ ئۈزۈكسىز سىلجىتىشى بىلەن دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا يالتىراق يوپۇق ئىشلىتىپ يېزا ئىگىلىكىدە يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشتا كەڭ قوللىنىپ كېلىنمەكتە. يالتىراق يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش شىنجاڭدا كېڭەيتىلگىنىگە 20 يىلدىن ئاشقان بولۇپ، ئۇ يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىپ، ياۋا ئوت ـ چۆپ ئۆسۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئويناپ، مايسىنى تېز، تىمەن كۆچلۈك ئۆسۈش رولىنى ئوينىدى. بىراق يېقىنقى بىرنەچچە يىللاردىن بۇيان كېۋەزنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ، بۇرۇن مول ھوسۇل بەرگەن كېۋەز ئېتىزلىرى يېڭى ئېچىلمىغان بوز يەرلەرنىڭ مەھسۇلاتىغا يەتمەي قالدى. تەكشۈرۈپ بايقاشلارغا قارىغاندا، كېۋەز تېرىغان 3 ـ 5 يىلغىچە بولغان يەرلەرنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن قالدۇق يالتىراق يوپۇقنىڭ مىقدارى 135 كىلوگىرام، 8 ـ 10 يىلغىچە بولغان يەرنىڭ ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن قالدۇق يالتىراق مىقدارى 187.5 كىلوگىرام، 13 يىلدىن يۇقىرى بولغان تېرىلغۇ يەرنىڭ قالدۇق يالتىراق مىقدارى ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن 343 كىلوگىرام بولۇپ، مەھسۇلات مىقدارى 17% تۆۋەنلەپ كەتكەن. قالدۇق يالتىراق يوپۇق پەيدا قىلغان ئاق رەڭلىك بۇلغىنىش ھەر خىل زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتىنى تۆۋەنلىتىپ، زىرائەتلەرنىڭ ئوكسىگېن سۈمۈرۈش ۋە سۇ قوبۇل قىلىشىنى چەكلەپ، يالتىراق ئوزۇقلۇق تولۇقلاش ئىقتىدارىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا دېھقانچىلىقتا يالتىراق يوپۇقلار ھەر يىلى كۆپلەپ ئىشلىتىلگەنلىكتىن، قايتا يىغىۋېلىنمىدىغان كېرەكسىز قالدۇق يالتىراق يوپۇقنىڭ مىقدارى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، ئادەم كۈچى بىلەن يىغىۋېلىش تەننەرخى

يۇقىرى بولۇش، ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىش تېخنىكىسى قالاق بولۇش سەۋەبلىك قالدۇق يالتىراق يوپۇقنىڭ كەڭ كۆلەملىك مۇھىتنى بۇلغاش ئەھۋاللىرى ئېغىر بولماقتا.

**2. قالدۇق يالتىراقنى يىغىۋېلىشتا كۆرۈلىدىغان ئەمەلىي مەسىلىلەر:** (1) نۆۋەتتە، دېھقانلارنىڭ يالتىراق يوپۇقنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ زىيىنىنى چۈشىنىشى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، شۇ يىللىق مەھسۇلات ئۈنۈمىگە كۆڭۈل بولۈپ، يىراقنى كۆزلىمىگەنلىكتىن،ئادەم كۈچى بىلەن يالتىراق يوپۇق يىغىۋېلىش خىزمىتىنى كېڭەيتىش تەس، يىغىۋېلىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسى مەۋجۇت؛ (2) يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كېۋەز تېرىش كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانلارنىڭ يالتىراق يوپۇقنى يىغىۋالماي كېۋەز تېرىشىنىڭ مەھسۇلات مىقدارىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ياخشى تونۇپ يەتمەسلىك سەۋەبىدىن ئادەم كۈچى بىلەن قالدۇق يالتىراق يوپۇقنى يىغىۋېلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشەنمەسلىك، ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ۋە تەشۋىقات سالمىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەسىلىسى مەۋجۇت؛ (3) كېۋەز يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن كۈزلۈك يەر ئاغدۇرۇشنى باشلاپ، قالدۇق يالتىراق يوپۇقلارنى يىغىۋالماي يەر ئاغدۇرۇش، ئەتىياز، كۈزدە ئادەم كۈچى ئىشلىتىپ يالتىراق يوپۇقنى يىغىۋېلىشقا ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرماسلىق، ھاۋا رايى ئۆزگىرىشىنىڭ قالدۇق يالتىراق يوپۇقلارنى يىغىشقا بەلگىلىك قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىش مەسىلىسى مەۋجۇت.

**3. ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى:** ① تەشۋىق ـ تەربىيەنى كۈچەيتىپ، يىغىۋېلىپ قايتا ئىشلىتىشنى ئاساسىي ۋاستە قىلىپ، باشقا مەھسۇلاتنى ئورنىغا قويۇپ تولۇقلاش تەدبىرىنى پىرىنسىپ قىلىپ، قالدۇق يالتىراق يوپۇق بىلەن بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاساسلىقى تازىلاش ۋە يىغىۋېلىپ قايتا ئىشلىتىش ئارقىلىق بۇلغىنىشنى ئازايتىش، ھەمدە يىغىۋېلىپ قايتا ئىشلىتىشتەك ياخشى ئىقتىسادىي سىياسەتلەرگە تايىنىپ يىغىۋېلىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش؛ ② ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى زىيانسىز

(داۋامى 21 ـ بەتتە)

# كىشمىش ئۈزۈمنىڭ مېۋىسى يوغىناش ۋاقتىدىكى پەرۋىشى

ئابدۇرۇپ ھېزىبۇل
(تۇرپان شەھەرلىك باغ ـ ئورمان تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 838000)

كىشمىش ئۈزۈم ئەتىياز پەسلىدە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 10℃ قا يەتكەندە بىخلىنىشقا باشلايدۇ. يەنى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنلىرىدىن باشلاپ مېۋە سايىقى چىقىرىپ 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنلىرى چېچەكلەيدۇ. چېچەكلەشكە مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا 25℃ ـ 30℃ قىچە بولۇپ ئەڭ ياخشى تېمپېراتۇرا 27℃ بولسا بولىدۇ. تۆۋەن تېمپېراتۇرا 15℃ بولغاندا چېچەكلەش ۋە چاڭلىنىش تەسىرگە ئۇچرايدۇ. چاڭلىنىپ بولغاندىن باشلاپ رەڭ ئالغۇچە بولغان مەزگىل، يەنى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنلىرىگىچە بىرىنچى قېتىملىق دان يوغىناش مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق دان يوغىناش مەزگىلى ئۈزۈم دەسلەپكى پىشىشتىن باشلاپ تولۇق پىشىشقىچە بولغان مەزگىل، يەنى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن باشلاپ 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە بولۇپ، ئۈزۈم جەمئىي ئىككى قېتىملىق دان يوغىناش باسقۇچىنى ئېلىپ بارىدۇ. بىرىنچى قېتىملىق دان يوغىناش مەزگىلىدە ئۈزۈم دان ئېغىرلىقى 0.1 ـ 1.5 گىرامغىچە يوغىنايدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق دان يوغىناش مەزگىلىدە دان ئېغىرلىقى 1.5 ـ 2 گىرامغىچە بولىدۇ. بىرىنچى قېتىملىق دان يوغىناش مەزگىلىدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار تۆۋەندىكىدەك.

(1) سۇغىرىش: بىرىنچى قېتىملىق دان يوغىناش مەزگىلىدە سۇغا بولغان ئېھتىياجى كۆچلۈك بولۇپ، «دان سۈيى جان سۈيى» ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە ھەربىر سۇغىرىش ۋاقتى 7 ـ 10 كۈنگىچە بولسا بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە سۇيى يېتەرلىك بولمىسا ئۈزۈم دانىسى ئۇششاق بولۇپ قالىدۇ؛
(2) ئوغۇتلاش: كۈز پەسلىدە مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك. دان يوغىناش مەزگىلىگە كىرگەندىن كېيىن فوسفورلۇق ئوغۇتنى ھەر ئىككى سۇيىدە بېرىش لازىم. ئەگەر فوسفورلۇق ئوغۇت كەمچىل بولسا ئۈزۈم

دانىسى ئۇششاق تەكشىسىز بولۇپ قالىدۇ؛ (3) پەرۋىشى: بىرىنچى قېتىم-لىق دان يوغىناش مەزگىلىدە دەسلەپتە ئۆزۈمى يوق نوتىنى كېسىۋېتىش كېرەك. 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن كېيىن ئۆزۈم بار نوتىنىڭ ئۆزۈمدىن باشلاپ 6 ـ 8 تال يوپۇرماق قالدۇرۇپ كېسىش لازىم. يەنە مۇشۇ پەيتتە ھاۋا ئۆتۈشنى ۋە يورۇقلۇق چۈشۈشنى ياخشىلاپ كېسەللىك ھاشاراتنىڭ پەيدا بو-لۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئىككىنچى قېتىملىق دان يوغىناش مەز-گىلىدە سۇغىرىش قېتىم سانى ۋە مىقدارىنى كونترول قىلىپ، كالىيلىق ئو-غۇتنى ئاساس قىلىپ ئوغۇتلاش لازىم. (03)

(بېشى 19 ـ بەتتە)

يېڭى يالتىراق يوپۇقنى ئىشلىتىش يالتىراق يوپۇق بۇلغىنىشىنى تۆۋەنلە-تىدۇ. ھازىر ئىشلەۋاتقان يالتىراق يوپۇقلارنىڭ خىمىيەۋى خاراكتېرى مۇ-قىم، ئاسان پارچىلانمايدىغان بولغاچقا تۇپراقنىڭ بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. زىيانسىز، ئاسان پارچىلىنىدىغان يالتىراق يوپۇقنى تەتقىق قى-لىپ، تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۈنۈمى يۇقىرى، باھاسى ئەرزان مەھسۇلات-نى ئىشلەپچىقىرىش لازىم؛ ③ قالدۇق يالتىراق يوپۇق يىغىۋېلىش ماشىنى-لىرىنى ياساپ چىقىپ، ھازىر ئىشلىتىۋاتقان يالتىراق يوپۇق يىغىش ما-شىنىسىنى ئىلغارلاشتۇرۇپ، بىر قىسىم قالدۇق يالتىراقلارنى ۋاقتىدا يى-غىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاق بۇلغۇملارنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ ④ دېھقانلارنىڭ قالدۇق يالتىراق يوپۇقلارنىڭ بۇلغىنىشقا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئادەم كۈچى بىلەن قالدۇق يالتىراق يىغىشنى ئۆزلۈكسىز پۈتۈن جەمئىيەتتە سەپەرۋەر قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلسە، تۇپراقنى ئۈنۈملۈك قوغداشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛⑤ ئالماشتۇرۇپ تېرىش مېخانىزمىنى يولغا قويۇش، يەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بۇغداي، قوناق، قى-زىلچا ۋە باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى ئالماشتۇرۇپ تېرىش ئارقىلىق، قال-دۇق يالتىراق يوپۇقنىڭ زىيىنىنى ئازايتىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

# ئەنجۈر پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار

ئايشەمگۈل يۈسۈپ
(ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 845352)

ئەنجۈر قەدىمىي، داڭلىق، شىرنىلىك مېۋىلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئوزۇق-لۇق قىممىتى يۇقىرى، تەمى تاتلىق، رەڭگى كۆركەم، ئۆزگىچە خۇش پۇراقلىق. بۇنىڭدىن باشقا، كالتسىي، تۆمۈر، فوسفور قاتارلىق مىنېرال ماددىلار ۋە كۆپ مىقداردا ۋىتامىنلار بار. ئەنجۈرنىڭ يىلتىزى، غولى، يو-پۇرمىقى، مېۋىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىلا دورىلىق قىممەتكە ئىگە بو-لۇپ، ھەر خىل كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ. ئەنجۈرنىڭ ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ تۇپراققا بولغان تەلىپى يۇقىرى ئەمەس، قۇمساڭ ۋە تۇپراقلاردا ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدۇ.

ئەنجۈرنىڭ پەرۋىش ئالاھىدىلىكى: (1) مېۋىگە كىرىشى بالدۇر، ئىقتىسا-دىي ئۆمرى ئۇزۇن؛ (2) ئېكولوگىيەلىك ماسلىشىشچانلىقى يۇقىرى، باش-قۇرۇش ۋە ئۆستۈرۈش ئاسان؛ (3) ئەنجۈردە كېسەللىك ۋە زىيانداش ھا-شاراتلار ئاز پەيدا بولىدۇ، يېشىل يېمەكلىك ئۆلچىمىگە يېتىدۇ؛ (4) مېۋە مەزگىلى ئۇزۇن بولۇپ، ھۆل ئىستېمال قىلىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئەپلىك؛ (5) ئوزۇقلۇقى مول، دورىلىق قىممىتى يۇقىرى؛ (6) مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈپ، ھاۋانى ساپلاشتۇرىدۇ؛ (7) ئەنجۈر ئىللىق قۇرغاق كىلى-ماتنى ياقتۇرىدۇ. قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق. كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بولۇشى ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، مەھسۇلاتى-نىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى، سۈپىتىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ؛ (8) ئەنجۈر يورۇقلۇقنى ياخشى كۆرىدىغان مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، يورۇق-لۇق يېتەرلىك بولسىلا مېۋىسىنىڭ پىششى بالدۇر، سۈپىتى ياخشى بولى-دۇ. يورۇقلۇق يېتەرلىك بولمىسا يېتىلىش مەزگىلى كېچىكىپ كېتىدۇ، مېۋىنىڭ قەنت تەركىبىمۇ تۆۋەن بولىدۇ؛ (9) ئەنجۈرنىڭ يىلتىزى ناھايى-تى كۈچلۈك بولۇپ، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق. لېكىن يوپۇرمىقى چوڭ، سۈنى پارلاندۇرۇشى كۈچلۈك بولغاچقا، نوتىلارنىڭ ئۆسۈش ۋە مېۋىلەرنىڭ تېز چوڭىيىش مەزگىللىرىدە سۇنى كۆپ تەلەپ قىلىدۇ. سۇ كەمچىل بولسا

ئۆسۈشى ناچارلاپ، مېۋىسى كىچىكلەپ، سۈپىتى ناچارلايدۇ، ھەتتا قورۇلۇپ يىگىلەپ چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كې-رەك؛ (10) ئەنجۈرنىڭ تۇپراققا بولغان تەلىپى يۇقىرى ئەمەس، سۇ چىقىد-رىشقا قولايلىق، مۇنبەت، سۇ ۋە ئوغۇت ساقلاش ئىقتىدارى ياخشى قۇمساڭ ئەت تۇپراق ۋە قۇمساڭ لاتقىلىق تۇپراقلاردا ناھايىتى ياخشى ئۆسىدۇ؛ (11) ئەنجۈرنى چاتاش ئۇسۇلى: يازلىق چاتاش ۋە قىشلىق چاتاش دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ئەنجۈرنى قىشلىق چاتىغاندا غول، شاخ ۋە كۆچلۈك شاخلار مۇۋاپىق قىسقارتىلىدۇ. مەھسۇلاتقا تەسىر يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش ئۈ-چۈن، ئانا مېۋە شاخلارنى قىسقارتىپ كېسىشكە بولمايدۇ. ئەگەر شاخلار بەك زىچ ئۆسكەن بولسا تىمەن ئۆسكەن شاخنى قالدۇرۇپ، ئاجىز، قېرى، كې-سەللەنگەن شاخلار كېسىۋېتىلىدۇ. ئەگەر شاخ قالدۇرۇشقا توغرا كەلسە 2 ـ 3 تال بىخ قالدۇرۇپ، يېڭى، تىمەن شاخ ھاسىل قىلىنىدۇ. ئەنجۈر دە-رىخىنى شەكىللەندۈرۈپ چاتاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئەنجۈر دەرىخى يورۇقپەرەس دەرەخ بولۇپ، كۈن نۇرىنى ياخشى كۆرىدۇ. چا-تاش ئارقىلىق كۈن نۇرى چۈشۈش شارائىتىنى ياخشىلاپ نوتىلىرىنىڭ پى-شىشىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. قىشلىق چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ قۇرىغان، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىغان ۋە پىشمىغان نوتىلارنى تولۇق چا-تىۋېتىش كېرەك؛ (12) ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە تۇرلۇك ئوزۇقلۇق ماددىلار كەم بولسا بولمايدۇ. ئازوتلۇق، فوسفورلۇق، كا-لىيلىق ئوغۇتلار مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇڭا ئەنجۈر دەرىخىنى سۈپەتلىك ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاپ، پۈتكۈل ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ئوزۇقلۇققا بولغان تەلىپى قاندۇرۇلۇش كېرەك. مەھەللىۋى ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلىغاندا ئوغۇتلاش مىقدارى ھەر مو يەرگە 2500 ـ 3000 كىلوگىرام قوتان قىغى ئىشلەتسە مۇۋاپىق؛ (13) 11 ـ ئاينىڭ باشلىرى كۆمۈش، ئىك-كىنچى يىلى ئەتىيازدا كۈندىلىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 10℃ ـ 12℃ قا يەتكەندە ئېچىش لازىم. ئادەتتە 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە ئېچىلىدۇ. (03)

# ياغاق شاخ قۇرۇش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى

تايىر يۈسۈپ
(ئاتۇش شەھەرلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن 845350)

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** كېسەللىك ئاۋۋال 1 ـ 2 يىللىق شاخلار ياكى يان شاخلارنىڭ ئۇچ قىسمىدىن باشلىنىپ، تەدرىجىي تۆۋەنگە قاراپ يامراپ ئاساسىي غولغا كېڭىيىدۇ، كېسەللەنگەن ئورۇن شاخ ئۈستىدىكى يوپۇرماق سارغىيىپ تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. قوۋزاق قاتلىمى سەل توپچىيىپ چىقىدۇ ھەمدە يېشىللىقنى يوقىتىپ كۈل رەڭ قوڭۇرغا ئۆزگىرىدۇ، ئاخىردا سۇس قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدىن قېنىق كۈل رەڭگە ئۆزگىرىپ، شاخ قۇرۇپ كېتىدۇ. قۇرۇپ كەتكەن شاخلارنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان قارا رەڭلىك، يالپىلاق، يۇمىلاق شەكىللىك ئۆسمەسىمان قاپارتمىلار يەنى، كېسەللىك باكتېرىيەسىنىڭ بۆلۈنمە ئىسپورا تەخسىسى پەيدا بولىدۇ. نەملىك چوڭ ياكى يېتەرلىك ساقلانغاندا، ئۆسمەسىمان قاپارتمىلار بار ئورۇندىن چاپلاشقاق ماددىسىمان بۆلۈنمە ئىسپورا كاللىكى ئېقىپ چىقىدۇ.

**2. پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** كېسەللىك باكتېرىيەسى كېسەللەنگەن شاخنىڭ ئۈستىدە قىشلايدۇ. كېيىنكى يىلى بۆلۈنمە ئىسپورا شامال ۋە ھۆل ـ يېغىن ئارقىلىق تارقىلىپ، شاخ ئۈستىدىكى ھەر خىل زىدە ئارقىلىق دەسلەپكى يۇقۇملىنىشنى باشلايدۇ، كېسەللىك تارقالغاندىن كېيىن يەنە بۆلۈنمە ئىسپورا پەيدا بولۇپ قايتا يۇقۇملىنىدۇ. كېسەللىك باكتېرىيەسى بىر خىل ئاجىز ئۆسۈملۈكلەرگە يۇقىدىغان باكتېرىيە بولۇپ، پەقەت ئۆسۈشى ئاجىز بولغان شاخلارغا ياكى دەرەخلەرگە زىيان سالىدۇ. دەل ـ دەرەخلەر ئۆششۈك زىيىنىغا ئۇچرىسا ياكى ئەتىياز پەسلىدە قۇرغاقچىلىققا يولۇقسا كېسەللىكنىڭ تارقىلىشىغا پايدىلىق بولىدۇ. ھاۋانىڭ نەملىكى ئاجىز ياكى ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولغان يىللىرى كېسەللىكنىڭ تارقىلىشى بىر قەدەر ئېغىر بولىدۇ. ياغاق دەرىخى بەك زىچ تىكىلىپ، ھاۋا ۋە يورۇقلۇق ئۆتۈشى ناچار بولسا كېسەلنىڭ تارقىلىشىمۇ ئېغىر بولىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى:** (1) ياغاق دەرىخىنى چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ، كېسەللەنگەن تۇپلەرنى ۋە شاخلارنى كېسىۋېتىپ، بىر

# يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىشنى ياخشى بىلىش زىيانلىق

ئامىنەم راخمان
(ئاقسۇ شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 842000)

تومۇز ئىسسىق كۈنلىرىدە ياكى باش كۈز مەزگىللىرىدە كېسەللىك، ھاشاراتلارنى يوقىتىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، بەزىلەر چىڭقى چۈشتىكى تېمپېراتۇرا يۇقىرى ۋاقىتتا دورا پۈركۈيدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلىشنىڭ نەتىجىسى قارىمۇ - قارشى بولۇپ، زىيىنى بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ.

**1. ھاشارات ئۆلتۈرۈش ئۈنۈمى تۆۋەن:** ھاشاراتلارنىڭ ياشاش خۇسۇسىيىتىدىن قارىغاندا، كۆپىنچە ھاشاراتلار قاش قارايغاندا ياكى كېچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. مەسىلەن: شال كېپىنىكى، غوزا قۇرتى، يەر يولۋىسى قاتارلىقلار. ئۇنىڭ ئۈستىگە زور بىر قىسىم زىيانداش ھاشاراتلار يورۇقلۇقتىن، ئىسسىقتىن قورقىدىغان بولۇپ، چۈش مەزگىلىدىكى كۈچلۈك ئاپتاپتا يوشۇرۇنىۋالىدۇ، شۇڭا چىڭقى چۈشتە دورا پۈركۈشنىڭ ئۈنۈمى گۈگۈم مەزگىلىدە دورا پۈركۈگەنگە قارىغاندا تۆۋەن بولىدۇ.

**2. دورا سۈيۈقلۇقىنىڭ ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ:** كۆپ قىسىم

---

جايغا يىغىپ كۆيدۈرۈپ، كېسەللىكنىڭ تارقىلىش مەنبەسىنى ئازايتىش كېرەك؛ (2) ياڭاقلىق باغنىڭ يازلىق چاتاش قاتارلىق پەرۋىشىنى ۋاقتىدا ئىلمىي ئۇسۇلدا ياخشى ئىشلەپ، باغنىڭ ھاۋا ۋە يورۇقلۇق ئۆتكۈزۈش شارائىتىنى ياخشىلاپ، دەرەخنىڭ ئۆسۈشىنى تىمەنلەشتۈرۈپ، كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ (3) ئۈششۈكتىن، قۇرغاقچىلىقتىن ۋە ھاشارات زىيىنىدىن مۇداپىئە كۆرۈش قاتارلىق پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، ياڭاق دەرىخىنىڭ ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زەخىملىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بىرگە، دەرەخ غولىنى ئاقارتىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ (4) دورا بىلەن شاخ قۇرۇش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى، ياڭاقنىڭ چىرىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا شۇ ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش كېرەك. (03)

دېھقانچىلىق دورا سۇيۇقلۇقىنىڭ ئاسان پارلىنىش ۋە ئاسان پارچىلىنىش ئالاھىدىلىكى بولۇپ، چۈشتىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا، ھاۋا مولېكۇلىسىنىڭ ھەرىكىتى بىرقەدەر جانلانغان بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇ مەزگىلدە دورا پۈركۈسە دورا سۇيۇقلۇقى تېز سۈرئەتتە پارلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دورىنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

**3. زىرائەتلەرگە ئاسانلا دورا زىيىنى كەلتۈرىدۇ:** چۈش مەزگىلىدىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا، زىرائەتلەرنىڭ ھاۋا تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىپ، نەپەسلىنىشى يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، سۇنىڭ پارلىنىشى كۈچەيگەن بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا دورا پۈركۈسە دورا تەركىبىدىكى پاراشوك ۋە كىسلاتالىق تەركىبلەر زىرائەت غولىدىكى ھاۋا تۆشۈكلىرىگە پۈركۈلۈپ كىرىپ، زىرائەتلەرنىڭ سۇ تەمىنلەش يوكىنى ئاشۇرۇۋېتىپ، زىرائەتلەرنىڭ فىزىيولوگىيەلىك فۇنكسىيەسى ۋە تۈزۈلۈشىنى بۇزۇۋېتىپ، زىرائەتلەرنىڭ يۇمران قىسىملىرىدا سولۇشۇش ياكى يوپۇرماقتا كۆيۈك دېغى پەيدا قىلىدۇ.

**4. كىشىلەرنىڭ تەن ـ ساغلاملىقىغا پايدىسىز:** يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە ياكى باش كۈزنىڭ چۈش مەزگىلىدە، ئېتىزنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى تېمپېراتۇرا 35℃ تىن يۇقىرى بولۇپ، ئەگەر شامال بولمىغان شارائىتتا داۋاملىق دورا پۈركۈسە، دېھقانچىلىق دورىلىرى ھاۋاغا پارلىنىپ، ھاۋادىكى دېھقانچىلىق دورىلىرى بولغان مولېكۇلىلارنىڭ قويۇقلۇقىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. بۇ بۇلغانغان زەھەرلىك ھاۋا نەپەسلىنىش يوللىرى ئارقىلىق ئادەم بەدىنىگە كىرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا مەشغۇلات قىلغاچقا ئادەم تېنىنىڭ قارشى تۇرۇش كۈچى تۆۋەنلەيدۇ. شۇڭا كۆپىنچە ھاللاردا دېھقانچىلىق دورىلىرىدىن زەھەرلىنىش ۋە ئاپتاپ ئۆتۈش قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئاسانلا ھاياتلىققا خەۋپ كەلتۈرىدۇ.

شۇڭا، دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ۋە زىرائەتلەردىكى دورا زىيىنىنى ئازايتىش شۇنداقلا دورا پۈركۈگۈچى خادىملارنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، چىڭقى چۈشتىكى يۇقىرى تېمپېراتۇدا دورا پۈركۈشتىن ساقلىنىش، ھاۋا تۇتۇق ياكى ئوچۇق كۈنلىرىنى تاللاپ گۇگۇم مەزگىلىدە دورا پۈركۈش كېرەك. (05)

# يېسىۋىلەكنىڭ يۇمشاق چىرىش كېسىلى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

بوخەلچەم ھىلىماخۇن
(قورغاس ناھىيە ساندوخۇز يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835203)

يېسىۋىلەكنىڭ يۇمشاق چىرىش كېسەللىكى مەھسۇلاتنى كېمەيتىپلا قالماي مەھسۇلات سۈپىتىگىمۇ تەسىر قىلىدۇ. كېسەللىك زىيىنىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكى جايلارنىڭ مۇھىت شارائىتى، يېسىۋىلەك سورتى، پەرۋىش سەۋىيەسىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئوخشاش بولمايدۇ. پەيدا بولۇش ۋاقتىمۇ بىردەك بولمايدۇ.

**1. كېسەللىك سەۋەبى:** يۇمشاق چىرىش كېسەللىكىنى باكتېرىيە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بولۇپ سۇغىرىش، يامغۇر سۈيى ۋە ھاشارات ئارقىلىق تارقىلىدۇ. كۆپىنچە تۈپتىكى زەخىملەنگەن ئورۇندىن يۇقۇملىنىدۇ.

**2. تارقىلىش ئالاھىدىلىكى:** يۇمشاق چىرىش كېسەللىكى كۆپىنچە يېسىۋىلەك تۈگۈن تۈتۈش مەزگىلىدە پەيدا بولىدۇ. دەسلەپتە سىرتقى يوپۇرمىقى كۈندۈزى سولۇشۇپ، ئەتىگەن ئاخشىمى يەنە ئەسلىگە كېلىپ قالىدۇ. نەچچە كۈندىن كېيىن پۈتۈن بىر تۈپ سولۇشۇپ ئەسلىگە كېلەلمەيدۇ.

**3. كېسەللىك ئالامەتلىرى:** (1) غول، يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈش، يوپۇرماق ئاساسىي قىسمى ياكى يىلتىز غول قىسمى سېسىپ كۈل رەڭ، سېرىق چاپلاشقاق ماددا پەيدا بولىدۇ ھەمدە سېسىق پۇرايدۇ. مىدىرلاتقان ھامان يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ؛ (2) تۈگۈنى، يېسىۋىلەك گەۋدىسى يىلتىز غول قىسمىدىن تارتىپ مەركىزىي يوپۇرماق ئاساسىي قىسمىغىچە سېسىپ كېتىدۇ؛ (3) سىرتقى يوپۇرماق گىرۋىكى ياكى مەركىزىي يوپۇرماق ئۇچىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە سېسىيدۇ. قۇرغاق شارائىتتا سۇسىزلىنىپ قۇرۇيدۇ.

**4. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** كىرىشتۈرۈپ تېرىش، ئېگىز قىردا ئۆستۈرۈش، ئورگانىك ئوغۇتلارنى چىرىتىپ بېرىش، يەرنى بالدۇر ئاختاما قىلىش، سۇغىرىش، ئۇرۇق دورىلاش قاتارلىق ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك.

**كېسەللىكنى يوقىتىشتا:** (1) كېسەل بولغان يېسىۋىلەك تۈپى بايقالغان ھامان ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا يۇلۇپ، ئېتىزلىقنىڭ سىرتىدا چوڭقۇر كولاپ كۆمۈۋېتىش، كېسەل ئورنىنى خام ھاك بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىش

# ئۈزۈمنىڭ تۇزاڭسىمان قاسراقلىق قۇرتىنىڭ ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

تۇرسۇنمەمەت تاشمەمەت
(چاپچال ناھىيە جاغىستاي يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835300)

**1. تارقىلىشى ۋە زىيان سېلىشى:** بۇ قۇرت ئوخشاش قاناتلىقلار ئەترىتى تۇزاڭسىمان قاسراقلىق قۇرت ئائىلىسىگە كىرىدۇ. بۇ ھاشارات رايونىمىزدا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان ئۈزۈم، چىلان، ئالما، نەشپۈت، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلەرگە زىيان سالىدۇ. ياش قۇرتى يېتىلگەن ھاشارىتى كۆپ يىللىق شاخنىڭ كۆتۈرۈلۈپ قالغان قاسرىقى ئاستىدا ياكى يەر يۈزىگە يېقىن ئىنچىكە شاخقا يوشۇرۇنۇپ زىيان سالىدۇ. يوپۇرماق زىيانغا ئۇچرىغاندىن كېيىن رەڭگى سۇسلىشىدۇ، يوپۇرماق ئېتى نېپىزلەيدۇ، ئېغىر بولغاندا تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. نوتىلار زىيانغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆسۈشى ئاستىلاپ مېۋىسى ئازلاپ كېتىدۇ ئېغىر بولغاندا ھوسۇل چىقمايدۇ ھەتتا پۈتۈن دەرەخ قۇرۇپ قالىدۇ، زىيانغا ئۇچرىغان مېۋىنىڭ شەكلى غەلىتە بولۇپ قېلىشىدۇ. ئاسانلا چۈمۈلە قاتارلىقلارنى جەلپ قىلىدۇ، ئاق رەڭلىك مومسىمان ماددا ۋە سۈزۈك يېلىم ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ.

---

لازىم. (2) تۈپ شەكىللەنگەندىن باشلاپ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان سېترېپتومىتسىن (农用链霉素) نىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم پۈركۈپ كېسەللىكنى كونترول قىلىش كېرەك. ئادەتتە كېسەللىك 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پەيدا بولۇپ 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئېغىرلىشىدۇ. شۇڭا كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 70% لىك دىكسون (敌克松) نىڭ 500 ـ 700 گىرام ئەسلىي پاراشوكىغا 400 ـ 500 كىلوگىرام سۇ قوشۇپ ياكى 70% لىك زىنىپ (代森锌) نەملىنىشچان پاراشوكىنى 400 ـ 500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ يوپۇرماقنىڭ ئاستى قىسمىغا پۈركۈش لازىم. 25% لىك فېنۋالېرات (杀灭菊酯) نى 1500 ـ 2000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈسىمۇ كېسەللىك زىيىنىنى مەلۇم دەرىجىدە كونترول قىلغىلى بولىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى كۈزلۈك يېسىۋىلەكنى سوغىرىشتا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مو يەرگە 90% لىك دىكسوندىن بىر كىلوگىرامنى داكىغا ئوراپ، سۇ كىرىش ئېغىزىغا قويۇپ سۇغارغاندا كېسەللىك زىيىنىنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ. (02)

**2. ياشاش ئادىتى:** بۇ ھاشارات يىلدا ئۈچ ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، يېتىلگەن ھاشارىتى ياكى ياش قۇرتى دەرەخ قوۋزىقىدىكى يېرىقلىرىدا قىشتىن ئۆتىدۇ ھەمدە دەرەخ غولىنىڭ ئۈستى قىسمىدىكى شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىدىكى قوۋزاق يېرىقلىرىدا كۆپرەك بولىدۇ. كېيىنكى يىلى دەرەخ بىخ سۈرۈشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۆچەكتىن چىقىپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ، لىچىنكىسى بىخ تۇۋىگە ۋە يۇمران يوپۇرماققا تارقىلىپ ئوزۇقلىنىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرغىچە 1 ـ ئەۋلاد، 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە 2 ـ ئەۋلاد پەيدا بولىدۇ. 3 ـ ئەۋلادى 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا پەيدا بولىدۇ، كېيىنكى يىلى ئەتىيازغىچە قىشتىن ئۆتىدۇ. يېتىلگەن ھاشارىتى ئاتىلىقسىز ياكى قوش جىنسلىق كۆپىيىدۇ، 10 ـ ئاينىڭ باش ۋە ئوتتۇرىلىرىدا دەرەخ قوۋزىقىدىكى يېرىققا يۆتكىلىپ قىشلايدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى:** (1) باغ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھاشاراتكە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ (2) كەچ كۈزدە چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ ھاشارات زىيىنى ئېغىر بولغان شاخلارنى كېسىپ، باغلاردىكى يوپۇرماق، دەرەخ غولىدىكى قېرى قوۋزاقلارنى پاكىز قىرىپ، باغدىن چىققان چاتالمىلارنى يىغىپ كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ھاشارات مەنبىيىنى ئازايتىش، شۇنداقلا 20 ـ 30 ھەسسىلىك ئاپتول سوپۇن ئارىلاشمىسى (ئاپتول، سوپۇن پاراشوكى، سۇنىڭ نىسبىتى 30 ـ 1:0.1:20) نى چېچىش كېرەك؛ (3) كەچ كۈز ۋە باش ئەتىيازدا %45 لىك ھاك ـ گۈڭگۇرت (石硫合剂) بىرىكمىسىنىڭ 100 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چېچىش ئارقىلىق قىشتىن ئۆتكەن گۆدەك ھاشارىتىنى يوقىتىش لازىم. ئۇندىن باشقا ئەتىيازدا دەرەخ تېنىگە سۇ يۈگۈرگەندە ئاپتول سوپۇن ئارىلاشمىسىنى 200 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش كېرەك؛ (4) قەرەللىك تەكشۈرۈپ 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا 1 ـ ۋە 2 ـ ئەۋلاد گۆدەك ھاشاراتلىرىغا قارىتا %10 لىك ئىمىداكلورد (吡虫啉) ئېمولتسىيەسىنى 1500 ـ 2000 ھەسسە، %40 لىك پوشالىن (扑杀磷) نى سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش كېرەك. (03)

# دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

پاتىمە داۋۇت
(كورلا شەھىرى شىنغا بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841023)

1. دېھقانچىلىق دورىلىرىنى سېتىش دۇكانلىرىنىڭ سېتىش ئىجازەتنامىسى بولۇشى، تاۋار ماركىسى، ئۆلچەملىك قاچىلىنىشى، ئۈنۈملۈك تەركىبى، زاۋۇت نامى، ئىشلىتىش ئۇسۇلى، ساقلاش مۇددىتى قاتارلىقلارنىڭ ئېنىق بولۇشىغا دىققەت قىلىش لازىم. ھەرگىز ساختا، ئۆلچەمسىز، تاۋار ماركىسى ئېنىق يېزىلمىغان، مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلىرى تولۇق بولمىغان دورىلارنى سېتىۋالماسلىق ۋە ئىشلەتمەسلىك لازىم.

2. زىرائەت ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان، زىيانسىز، مۇھىت بۇلغىمايدىغان دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

3. زىيانداش ھاشارات، كېسەللىكنىڭ تۈرى، يېتىلىش ۋاقتى، پەيدا بولۇش ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارغا ئاساسەن دورا ئىشلىتىش ۋاقتى ۋە مىقدارىنى بەلگىلەش لازىم.

4. تەسىر كۆرسىتىش ۋاقتى ئوخشىمايدىغان دورىلارنى مۇۋاپىق ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك.

5. دېھقانچىلىق دورىلىرىنى مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىپ دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، دورا ئىشلىتىش مىقدارىنى ئازايتىش كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ دورىغا چىدامچانلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق. دورىلارنى خالىغانچە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە، دورا ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىپ، دورا ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تەننەرخنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ، يەنە دورىدا ناچار فىزىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىپ، زىرائەتلەردە زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دېھقانچىلىق دورىلىرىنى چېچىپ بولۇپلا دەرھال يىغىۋېلىشقا بولمايدۇ، دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق دورىلىرىنى بىخەتەر ئىشلىتىش بەلگىلىمىسىدىكى ھەر خىل دورىلار-

نىڭ بىخەتەر ۋاقتىغا ئاساسەن، دورا چاچقاندىن كېيىن مەلۇم ئارىلىق قال-دۇرۇپ مەھسۇلات يىغىۋېلىش، ئادەم، ھايۋانلارنىڭ زەھەرلىنىپ قېلىشى ياكى دېھقانچىلىق دورىلىرى قالدۇقىنىڭ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

6. دېھقانچىلىق دورىلىرىنى يۆتكىگەندە، ساقلىغاندا ئاشلىق، كۆكتات، مېۋە - چېۋە، يەم - خەشەك قاتارلىقلار بىلەن بىللە ساقلىماسلىق، بولۇپ-مۇ ئادەم ياتىدىغان ئۆي، ئېغىل، كاتەكلەردە قويماسلىق كېرەك. دورا ساقلايدىغان ئىسكىلاتلارنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى ھاۋا ئالماشتۇرۇشقا قولايلىق بولۇشى، دورا ساقلايدىغان ئىسكىلاتلار ۋە ئىشكاپلارغا قۇلۇپ سې-لىپ باشقۇرۇشقا دىققەت قىلىش لازىم.

7. دېھقانچىلىق دورىلىرىنى چاچقاندا ئاياغ، ئىشتان، پەلەي كىيىش، ماسكا تاقاش كېرەك. ياشانغانلار، تېنى ئاجىز كىشىلەر، كېسەلچان كىشى-لەر، ئۆسمۈرلەر، ھامىلىدار، بالا ئېمىتىش مەزگىلىدىكى ئاياللار دورا چې-چىش مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللانماسلىق كېرەك. ئېشىپ قالغان دورىلانغان ئۇرۇقنى ئاشلىق ياكى يەم - خەشەك قىلىشقا بولمايدۇ. دورا تەييارلىغاندا ياكى ئۇرۇق تەييارلىغاندا ئىچىملىك سۇ مەنبەسىدىن يىراق ئورۇنلارغا، ئا-ھالىلەرگە نىسبەتەن بىخەتەر ئورۇننى تاللاپ، مەخسۇس ئادەم قويۇپ باش-قۇرۇپ، دورىلانغان ئۇرۇقنى ئادەم، ھايۋان، قۇشلارنىڭ يەۋېلىشىدىن ساق-لىنىش لازىم. قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان دورا چېچىش ماشىنى-سىدا دورا چاچقاندا، ئارىلىق قويۇپ چېچىش، بوران چىققاندا، كۈچلۈك ئاپتاپتا دورا چاچماسلىق، دورا چېچىشتىن بۇرۇن ماشىنىنىڭ ئېچىپ - يېپىش كونۇپكىسى، ئۇلاش بېشى، پۈركۈش بېشى قاتارلىقلارنىڭ ھىم ئې-تىلگەن - ئېتىلمىگەنلىكى، دورا ساندۇقىدا تۆشۈك بار - يوقلۇقىنى ئەس-تايىدىل تەكشۈرۈش لازىم. دورا چېچىۋاتقاندا توسۇلۇش پەيدا بولغاندا، ئالدى بىلەن پۈركۈش بېشىنى سۈزۈك سۇدا چايقاپ، ئاندىن توسالغۇنى چىقىرىۋې-

# كېۋەز غۇنچە - غوزىلىرىنىڭ تۆكۈلۈش سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى

ئابلەت ئابلىز
(ئونسۇ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو-تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 843100)

كېۋەزنىڭ غۇنچە-غوزىلىرىنىڭ تۆكۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ نۇرغۇنلىغان ئامىللارنىڭ ئۇنىۋېرسال تەسىرىنىڭ نەتىجىسى. سۇ، ئوغۇت شارائىتىنىڭ ناچار بولۇشى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. غۇنچە - غوزىلارنىڭ تۆكۈلۈشىنى ناچار مۇھىت شارائىتى، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلار زىيىنى، مېخانىك زەخىملىنىش، ھەر خىل ئوزۇقلۇق ماددىلار يېتىشمەسلىك ۋە پەرۋىشنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كېۋەز غۇنچىلىغاندىن كېيىن، كۆپ ھاللاردا ئېتىز پەرۋىشىنىڭ ياخشى بولماسلىقى ياكى بوران، قاتتىق يامغۇر، مۆلدۈر قا-

---

تىش لازىم. پۈركۈش بېشىنى ئېغىز بىلەن پۈۋلەشكە بولمايدۇ. زەھەرچانلىقى يۇقىرى دورىلارنى ئىشلەتكەندە مەلۇم مەزگىلگىچە چارۋىلارنى باقماسلىق، ئوت ئورىماسلىق لازىم. دورا ئىشلىتىش خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دەرھال دورا چېچىش ماشىنىسىنى پاكىز يۇيۇش، يۇيغان سۇنى بىخەتەر يەرگە تۆكۈپ كۆمۈش لازىم. بىكار بولغان دورا قۇتىلىرىغا ئاشلىق، ماي، سۇ قاتارلىقلارنى قاچىلاشقا قەتئىي بولمايدۇ، دورا قاچىلىغان يېشىك، بوتۇلكا، خالتىلارنى يىغىپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

8. ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىسى ۋە ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىسى چاچقان دورا پۈركۈش ماشىنىلىرىنى دورا پۈركۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن چوقۇم سوپۇندا يۇيۇپ چايقىغاندىن كېيىن، يەنە سۈزۈك سۇدا 2 - 3 قېتىم چايقاش لازىم، مۇشۇنداق قىلغاندا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ دورا زىيىنىدىن ساقلىنىغىلى بولىدۇ. (03)

تارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر تەسىرىدىمۇ غۇنچە ـ غوزىلارنىڭ تۆكۈلۈشى كېلىپ چىقىدۇ.

1. رەتلىك قىلىش. خىمىيەۋى ئۇسۇلدا ئۆسۈشنى تىزگىنلەش ئارقىلىق، كېۋەزنىڭ تۈپ شەكلىنى كونترول قىلىپ، كېۋەزلىكتە شامال ئۆتۈشۈش، يورۇقلۇق چۈشۈش شارائىتىنى ياخشىلاپ، يەككە تۈپلەرنىڭ مۇئەييەن يورۇقلۇق قوبۇل قىلىشىغا ۋە ئوزۇقلىنىش كۆلىمىگە كاپالەتلىك قىلىپ، تۈپلەرنىڭ قۇياش ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، غۇنچە ـ غوزىلارنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئورگانىك ئوزۇقلۇقلارنى توپلاش كېرەك.

2. ئۈنۈۋېرسال دېھقانچىلىق تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىم. يەرنى ياخشى تاللاش ۋە مۇنبەتلەشتۈرۈش ئاساسىدا، سۇ، ئوغۇتتىن توغرا پايدىلىنىپ، كېۋەزنىڭ يەر ئۈستى قىسمى بىلەن يەر ئاستى قىسمىنىڭ، ئوزۇقلۇق ئۆسۈش بىلەن جىنسلىق ئۆسۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، كېۋەزنىڭ پۈتكۈل ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى فىزىيولوگىيەلىك پائالىيەتلىرىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، غوزا تۇتۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

3. كېۋەز چېچەكلىگەن مەزگىلدە گىببېرېللىن (赤霉素) ۋە ئائۇكسىن(植物生长素) قاتارلىقلارنى توغرا ئىشلىتىپ، غوزا ساپىقىدا ئايرىلغۇچى قەۋەت پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يۇمران غوزىلارنىڭ ئورگانىك ئوزۇقلۇقلارغا بولغان رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، غۇنچە ـ غوزىلارنىڭ تۆكۈلۈشىنى ئازايتىش كېرەك.

4. كېۋەز پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، بوران، مۆلدۈر، تۆۋەن تېمپېراتۇرا، كېسەللىك، زىياندash هاشارات ۋە مېخانىك زەخملىنىش قاتارلىق ھەر خىل ئاپەتلەردىن ساقلاپ، غۇنچە-غوزىلارنى ئاسراش بىلەن تەبىئىي ئاپەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش لازىم. (03)

# ھاك-گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەييارلاش ھەم توغرا ئىشلىتىش ئۇسۇلى

**ئابدۇرېھىم ئابلىتىپ**
(توقسۇن ناھىيە شاھ يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 838100)
**شازادىگۈل ئەنەيتۇل**
(توقسۇن ناھىيە شاھ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 838100)

**1. ئىلمىي تەييارلاش:** (1) ماتېرىيالى ۋە رېتسېپى: ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسى بىر كىلوگىرام ئەلا سۈپەتلىك خام ھاك، ئىككى كىلوگىرام گۈڭگۈرت پاراشوكى، 10 كىلوگىرام سۇ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. ماتېرىيال تاللىغاندا چوقۇم ئاپئاق، يېنىك، پارچە ھالەتتىكى خام ھاكنى تاللاش كېرەك. ئوكسىدلىنىپ قالغان ھاكنى قەتئىي ئىشلەتمەسلىك، گۈڭگۈرتنى يانچىپ تالقانلاپ ئىشلىتىش كېرەك؛ (2) قاينىتىش ئۇسۇلى: قاينىتىش ئۇسۇلىنىڭ مۇۋاپىق بولۇش - بولماسلىقى قاينىتىپ چىققان دورا سۇيۇقلۇقىنىڭ سۈپىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. قايناتقان ۋاقىتتا مىس قازان، ئاليۇمىن قازان، پولات قازانلارنى ئىشلەتمەسلىك، چوقۇم چويۇن قازان ئىشلىتىش لازىم. قازانغا مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇنى قۇيغاندىن كېيىن، سۇنىڭ ئېگىزلىكىگە بەلگە قويۇۋېلىپ، سۇ قاينىغاندىن كېيىن، ئالدىنئالا يېلىمان سۇ بىلەن ئۇماچ ھالەتكە ئەكىلىنۋالغان گۈڭگۈرتنى قازانغا قويۇش، گۈڭگۈرتنى قويۇپلا ھاكنى قويماي، سۇ يەنە بىر قېتىم قاينىغاندىن كېيىن، ھاكنى ئاستا - ئاستا تۆكۈش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا، گۈڭگۈرتنىڭ ھەممىسى سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىپ، ھاك بىلەن تولۇق ئۇچرىشالايدۇ. ئەگەر يېلىمان سۇغا گۈڭگۈرتنى بىۋاسىتە قويسا، گۈڭگۈرت قازان ئاستىغا تىنىۋالىدۇ. 2 - قېتىم ھاكنى قۇيغاندا قازاندىكى گۈڭگۈرتنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولمىغاچقا، ھاك بىلەن بولغان خىمىيەلىك رېئاكسىيەسى كۈچلۈك بولۇپ، قازان تېگىدە ھاك قالدۇقلىرى تىنىۋېلىپ، ماتېرىيال ئىسراپ بولىدۇ. ھاكنى قازانغا قۇيغاندىن كېيىن، ئۇدۇللۇق ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇدۇللۇق قاينىتىش كېرەك. كۈچلۈك ئوتتا 45 مىنۇت قاينىتىپ، ئېرىتمە بېغىر رەڭگە كىرگەندە ئوتنى ئازايتىش لازىم. قاينىتىش جەريانىدا، پارغا ئايلانغان سۇنى تولۇقلاپ سۇنىڭ بەلگىلەنگەن ئورۇندىن تۆۋەنلەپ كەتمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئوتنى تارتىۋەتكەندىن كېيىن، دەرھال داكا بىلەن سۈزۈپ، ئانا ئېرىتمىنى ئېلىش كېرەك. ماتېرىيالنىڭ سۈپىتىدىن باشقا، قاينىتىش جەريانىدىكى ئوتنىڭ كۈچى ۋە رېئاكسىيە ۋاقتى ئانا ئېرىتمىنىڭ سۈپىتىگە ناھايىتى زور تە-

سىر يەتكۈزىدۇ. ۋاقىت بەك قىسقا، ئوتنىڭ كۈچى بەك ئاجىز بولسا رېئاكسىيە تولۇق بولماي قالىدۇ. ئانا ئېرىتمىنىڭ رەڭگى سۇس بولۇپ قالىدۇ. رېئاكسىيە ۋاقتى بەك ئۇزۇن بولۇپ، بەك كۈچلۈك ئارىلاشتۇرۇۋەتسە، رېئاكسىيە جەريانىدا ھاسىل بولغان كالتىسىي سولفات ئوكسىدلىنىپ سۇپىتى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ھەم ئانا ئېرىتمىنىڭ سۈپىتىگىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇلدا قايىنتىپ ياسالغان ئېرىتمە قويۇقلۇقى بائۇمى 22 ـ 24 گىرادۇسقا يېتىپ، بىر كىلوگىرام گۈڭگۈرتتىن 5 ـ 6 كىلوگىرام ئانا ئېرىتمە تەييارلىغىلى بولىدۇ. ئادەتتىكى تەييارلاش ئۇسۇلىغا قارىغاندا ئېرىتمە كۆپ چىقىدۇ، قويۇقلىقىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

**2. مۇۋاپىق ئىشلىتىش:** (1) ئىشلىتىش قويۇقلۇقى: ئىشلىتىش قويۇقلۇقى ئادەتتە كىلىمات ھەم ئالدىنى ئېلىش ئوبيېكتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ. باش ئەتىيازدا مېۋىلىك دەرەخلەر بىخلىنىشتىن بۇرۇن، تېمپېراتورا تۆۋەن بولغاچقا بائۇمى 3 ـ 5 گىرادۇسلۇق ئېرىتمىنى ئىشلىتىش كېرەك. بىخلانغاندىن كېيىن، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولغاچقا، بائۇمى 0.2 ـ 0.3 گىرادۇسلۇق ئېرىتمىنى ئىشلىتىش كېرەك. بەزى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىگە بولغان سەزگۈرلۈكى يۇقىرى بولۇپ، قارىغۇلارچە دورا ئىشلەتسە دورا زىيىنى كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر ئالۇچىغا ئىشلەتسە چېچەك، بىخنىڭ بۆلۈنۈشىگە تەسىر يەتكۈزۈپ، كېلەر يىللىق مەھسۇلاتنىڭ كېمىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا ئالما، نەشپۈت، چىلان، ھالۋابىدىت، شاپتۇل، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئىشلەتسە بولىدۇ. ئۆسۈش مەزگىلىدە قىزىل ئۆمۈچۈك ئېغىر يۈز بەرگەن باغلارغا ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى چاچسا يوپۇرماقنىڭ سارغىيىپ تۆكۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇڭا ئېھتىيات قىلىش كېرەك؛ (2) سۇيۇلدۇرۇش نىسبىتى: ئانا ئېرىتمىنى سۇيۇلدۇرۇپ كېرەكلىك بولغان ئېرىتمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئانا ئېرىتمىگە مۇۋاپىق سۇ قوشۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرساقلا كۇپايە، مەسىلەن: ئانا ئېرىتمىنىڭ قويۇقلۇقى بائۇمى 24 گىرادۇس بولۇپ، ئېرىشمەكچى بولغان ئېرىتمە گىرادۇسى بائۇمى ئۈچ گىرادۇس بولسا، بىر كىلوگىرام بائۇمى 24 گىرادۇسلۇق ئانا ئېرىتمىگە يەتتە كىلوگىرام سۇ قوشسا بائۇمى ئۈچ گىرادۇسلۇق ئېرىتمە تەييار بولىدۇ. (3) دورا چېچىش ۋاقتى: باش ئەتىيازدا شامال كۆپ، بولۇپمۇ چۈشتىن كېيىن شامال كۈچى

كۆچلۈك بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ھاۋا ئۇچۇق كۈنلىرى ئەتىگەن سائەت 9 ـ 11 غىچە چېچىش كېرەك. بولمىسا دورىنى شامال ئۇچۇرۇپ، تەكشى چاچـ- قىلى بولمايدۇ ھەم دورىنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. بىخلىنىشتىن بۇ- رۇن دورا چاچقاندا ئەستايىدىل بولۇش، دەرەخ تاجىسىدىن دەرەخ ئاستىدىكى يەرگىچە تەكشى ھۆل بولغىچە چېچىش كېرەك. مېۋىلىك دەرەخ چېچەكلەش مەزگىلىدە دورا چاچقاندا، گۈلنى شالاڭلىتىش رولى بار. مېۋىلەش مەزگىـ- لىدە چاچقاندا، كۆپ مىقداردا مېۋە تۆكۈلۈش ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ. مېۋە پىشاي دېگەندە دورا چاچقاندا مېۋە پوستىدا داغ شەكىللىنىپ، مېۋە سۈپىتىنى چۈشۈرىۋېتىدۇ. شۇڭا ئادەتتىكى ئۆسۈش مەزگىلىدە ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى چېچىش تەشەببۇس قىلىنمايدۇ. پەقەت ئۇخلاش مەزگىلىدە چاچقاندا ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ؛ (4) مۇۋاپىق ئارىلاشتۇ- رۇش: ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسى بولسا ئىشقارلىق دېھقانچىلىق دورىسى بولۇپ، ئىشقارلىق دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇشقا بولمايدىغان دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. بولمىسا كىسلاتالىق بىلەن ئىشقارلىق تەڭلىشىپ قېلىپ، دورا ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ ھەم كېسەللىك، زىيانداش ھا- شاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىگە ئادەتتە ھېچقانداق دورا ئارىلاشتۇرماي ئىشلىتىلىدۇ. بوردو سۇيۇقلۇقى گەرچە ئىشقارلىق دورا بولسىمۇ، ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئىككىسىنى ئارىلاش- تۇرۇپ ئىشلەتكەندە خىمىيەلىك رېئاكسىيە يۈز بېرىپ دورا ئۈنۈمىنى تۆ- ۋەنلىتىپلا قالماستىن، ئاسانلا دورىدىن زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرى- دۇ. ئەگەر بوردو سۇيۇقلۇقىنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، ئالدىدا ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى چېچىپ بولۇپ 10 ـ 15 كۈندىن كېيىن بوردو سۇيۇقلۇقىنى چېچىش كېرەك. بوردو سۇيۇقلۇقىنى چاچقاندا 20 كۈن- دىن كېيىن ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى چېچىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ھاك گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى مىستىن ياسالغان دورىلار ھەم ماگ- نىي، سىنك تولۇقلايدىغان دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؛ (5) مۇۋاپىق ساقلاش: ئەگەر دورىنى بىر قېتىمدا ئىشلىتىپ بولالمىسا، ساپالدىن ياسالغان كۈپلاردا ساقلاپ، ئۈستىگە ئازراق كۆمۈر مېيى ياكى ئاپتۇل قويۇپ، دورىنى ھاۋادىن ئايرىپ، ئاغزىنى ھەم ئې- تىۋەتسە ئۇزۇن ساقلىغىلى ھەم سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدى- نى ئالغىلى بولىدۇ. (03)

# جىلاننىڭ مېۋە يېرىلىش ۋە مېۋە يىگىلەش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

روشەنگۈل ئىمىن
( يوپۇرغا ناھىيەلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدىن 844400)

**مېۋە يېرىلىش كېسىلى:** (1) زىيان سېلىش ئالامىتى: مېۋە پىشىشقا ئاز قالغاندا مېۋە يېرىلىپ، گۆشلۈك قىسمى ئاززاق ئېچىلىپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مېۋىنىڭ سۇپىتىگە تەسىر يېتىپ، چىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھەتتا يېگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، مېۋە يېرىلغاندىن كېيىن كۆيدۈرگە كېسەللىك باكتېرىيەلىرى يېرىلغان ئورۇندىن مېۋە ئېتىگە ئاسانلا كىرىپ، مېۋىنىڭ سېسىپ كېتىشىنى تېزلىتىۋېتىدۇ؛ (2) كېسەللىك قانۇنىيىتى: بۇ خىل كېسەللىك فىزىيولوگىيەلىك كېسەللىك بولۇپ، ئاساسلىق يۇمران مېۋە يېتىلىش مەزگىلىدە ھاۋا بەك ئىسسىق، يامغۇر ئاز بولسا پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەللىك يەنە مېۋىدىكى كالتسىي كەملىك بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ؛ (3) ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى: بۇنىڭدا كېسەلگە ۋە يېرىلىشقا قارشى تۇرۇش كۈچى كۈچلۈك بولغان سورتلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش لازىم. ھەر يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ باشقا كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، %0.3 لىك كالتسىي خلور (氯化钙) ئېرىتمىسىنى ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم جەمئىي 2 ـ 3 قېتىم چېچىش كېرەك. مېۋە يوغىناش مەزگىلىدە ئازوتلۇق، فوسفورلۇق، كالىيلىق بىرىكمە ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاپ، قاندۇرۇپ يەنە بىر قېتىم سۇغىرىش كېرەك.

**مېۋە يىگىلەش كېسىلى:** (1) كېسەللىك ئالامىتى: بۇ كېسەللىك قارىداپ سېسىش كېسىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك زەمبۇرۇغ تىپىدىكى كېسەللىككە تەۋە بولۇپ، رايونىمىزدىكى ئاساسلىق كېسەللىكلەرنىڭ بىرى. كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغ نورمال مېۋە ئېتىگە كىرگەندىن كېيىن، مېۋە يۈزى ھالقىسىمان شەكىلگە كىرىش، سۇ يىغىلىپ قېلىش، بالدۇر قىزىرىش، قورۇلۇپ قېلىش ۋە تۆكۈلۈپ كېتىشتىن ئىبارەت بىر قاتار جەريانلار يۈز بېرىدۇ. كېسەللەنگەن مېۋىنىڭ پوستى مۇددەتتىن بۇرۇن قىزىرىپ، پارقىراقلىقنى يوقىتىدۇ. بۇ خىلدىكى چىلاننى يې-

رىپ كۆرگەندە كېسەللەنگەن مېۋىنىڭ ئەت قىسمىدا سىرتىدىن ئىچىگە قاراپ سارغىيىش، سۇسىزلىنىش، ئېتى بۇزۇلۇپ مېۋە قورۇلۇش ئالامەتلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مېۋە كېسەللەنگەندىن كېيىن مېۋىنىڭ گۆشلۈك قىسمى سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىپ، قەنت مىقدارى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. نورمال مېۋە ساپىقى يېشىل رەڭدە بولىدۇ، كېسەللەنگەن مېۋىنىڭ ساپىقى قوڭۇر رەڭگە ياكى قارامتۇل قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ؛ (2) كېسەللىك قانۇنىيىتى: كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى زەمبۇرۇغنىڭ كېسەل پەيدا قىلىشى ۋە مېۋە سىرتىنىڭ زەخمىگە ئۇچرىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كېسەللىك زەمبۇرۇغى مۇشۇ يارا ئېغىزدىن مېۋە ئېتىگە كىرىپ كېسەل پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك تەبىئىي زىدە بولغان مېۋە ئارقىلىق تارقىلىشتىن باشقا، ئاساسلىق نەشتىرى بىلەن سۇمۇرۇشنى ئېغىز قورالى قىلغان زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ، مەسىلەن: سالجا، يوپۇرماق تومۇزغىسى ۋە ئۇسۇرغاق قوڭغۇز قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلار كەلتۈرۈپ چىقارغان يارا ئېغىزدىن تارقىلىدۇ. بۇ كېسەللىك ئادەتتە چىلان مېۋىسى رەڭگە كىرىش مەزگىلىدە كۆپرەك پەيدا بولىدۇ. ئەگەر كېسەللىك پەيدا بولغان ۋاقىتتا يامغۇرلۇق ھاۋا رايى بىلەن ئىسسىق ھاۋا رايى تەڭ كۆرۈلسە بۇ خىل كېسەللىك ئېغىر يۈز بېرىدۇ. كېسەللىك ئېغىر بولغان يىللىرى 30% تىن يۇقىرى مېۋە زىيانغا ئۇچرايدۇ؛ (3) ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى: بۇنىڭدا ئاساسلىقى كېسەللىككە چىدامىلىقى كۈچلۈك سورتلارنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىرگە، چىلان پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، يەرلىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئادەتتە ھەرقايسى جايلار ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي شارائىتىغا ئاساسەن ئۆز يېرىدە بار بولغان دورىلارنى ئىشلىتىپ، ھەر خىل كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. تۇپراق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مېۋە قىزىرىش مەزگىلىدە تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ساقلاش بىلەن بىرگە، 0.2% ـ 0.3% لىك كالتسىي نىترات (硝酸钙) نى ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم، مېۋە پىشقىچە جەمئىي 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈش ئارقىلىق مېۋە يېرىلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. (03)

# دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىلمىي ئىشلىتىش ئۇسۇلى

باھارگۈل پەتتار  ئارزۇگۈل يۇسۇپ
(تۇرپان شەھىرى يار يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 838000)

زىرائەتلەردىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات ۋە ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئالدىنى ئې-لىش، يوقىتىش خىزمىتىدە دورىلارنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، زىرائەتلەرنىڭ ئادەم ۋە چارۋىلارنى زەھەرلىنىشدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىلـ-مىي، مۇۋاپىق، بىخەتەر ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىش لازىم.

1. كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات، ئوت ـ چۆپ ۋە باشقا زىيانلىق ئورگانىزملارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىشتا، ئالدى بىلەن دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئوبيېكتى، مۇھىت ۋە شارائىتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپتىكى تەسىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك.

2. پۈركۈپ تۇمانلىتىش بىلەن پۈركۈپ توزانلىتىش نۆۋەتتە كۆپ قوللىنىلىدىغان دورا ئىشلىتىش ئۇسۇلىدۇر. پۈركۈپ توزانلىتىش ئۇسۇلىنىڭ سۈرئىتى تېز بولۇپ، زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىشتا تېز ئۈنۈم بېرىدۇ. توزانلىتىشنى شامال بولمىغان ياكى شامال كۈچى ئاجىزراق كۈنلىرى سەھەردە ياكى كەچقۇرۇن شەبنەم چۈشكەن ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىش لازىم.

3. پۈركۈپ تۇمانلىتىشنىڭ يېپىشچانلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۈنۈم بېرىش ۋاقتى توزانلىتىشقا قارىغاندا ئۇزۇن، شامالنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى ئاز، ئەمما سۈرئىتى ئاستا بولىدۇ.

4. پۈركۈشتە ئىشلىتىدىغان سۇغا سۈزۈك ئۆستەڭ سۈيى، ئېرىق سۈيى ياكى قۇ-دۇق سۈيىنى ئىشلەتسە بولىدۇ. ئىشلىتىدىغان سۇنى چوقۇم سۈزگۈچ بىلەن سۈزۈش، ئىشقارلىق سۇ، قاتتىق سۇلارنى ئىشلەتمەسلىك، بولۇپمۇ دورا بىلەن سۇنى بەلگىلىمە بويىچە تەڭشەش كېرەك.

5. دورا پۈركۈشتە چوقۇم ۋاقىتنى مۇۋاپىق تاللاش ھەمدە زىيانداش ھاشاراتنىڭ پەيدا بولۇش ئورنىغا ئاساسەن دورا ئىشلىتىش لازىم، مەسىلەن: غوزا قۇرتىنىڭ تۇخۇمى كۆپىنچە كېۋەزنىڭ يۇمران نوتىسىدا ھەم ئۈچىدا بولغانلىقتىن، دورىنى يۇمران ئۈچىغا چېچىشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

6. قوشۇلىدىغان سۇ مىقدارىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، قويۇقلۇقىنى ئاشۇرۇشقا ياكى تۆۋەنلىتىشكە بولمايدۇ. دېھقانچىلىق دورىسىنى سۇيۇلدۇرۇشقا قوشۇلىدىغان سۇ مىقدارىنى چوقۇم ئۆلچەم بويىچە توغرا ئۆلچەپ قوشۇش، ھەرگىزمۇ خالىغانچە پەرەز قىلىپ قويماسلىق لازىم.

(داۋامى ـ 43 ـ بەتتە)

# شاپتۇلدىكى قوڭۇر رەڭلىك چىرىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش

گۆھەرنىسا تۇرسۇننىياز
(نىيە ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 848500)

شاپتۇلنىڭ قوڭۇر رەڭلىك چىرىش كېسەللىكى يەنە باكتېرىيە يادروسى كېسەللىكى ياكى مېۋە چىرىش كېسەللىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ شاپتۇلنىڭ مېۋىسىدە كۆرىلىدىغان ئاساسلىق كېسەللىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسلىقى مېۋىسىگە زىيان سالىدۇ.

**كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ خىل كېسەللىك ئاساسلىقى شاپتۇلنىڭ مېۋىسى، چېچىكى ۋە يېڭى نوتىسىغا زىيان سالىدۇ. مېۋىسىدە كېسەللىك پەيدا بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە مېۋە يۈزىدە قوڭۇر رەڭلىك يۇملاق كېسەللىك داغلىرى پەيدا بولىدۇ، مېۋە ئېتىمۇ قوڭۇر رەڭدە يۇمشاپ چىرىيدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا كېسەللەنگەن مېۋە سېسىپ تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، سۇسىزلانغىنى ئاپتاپتا قورۇلۇپ قالىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) قىشتىن ئۆتۈپ كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى باكتېرىيە مەنبەسىنى ۋاقتىدا كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، كېسەللىك پەيدا بولۇش يوللىرى ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ. (2) كېسەللىك تارقاتقۇچى ھاشاراتلارنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ ۋە يوقىتىلىدۇ. (3) دورا ئارقىلىق ئالدى ئېلىنىدۇ. شاپتۇل دەرىخى بىخ سۈرۈپ يوپۇرماق چىقىرىشتىن بۇرۇن 80% لىك فېنولات (五氯酚钠) نىڭ 300 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىغا بائومې ئۈچ گىرادۇسلۇق ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ، شاپتۇلنىڭ غول ۋە شاخلىرىغا پۈركۈلىدۇ. شاپتۇل چېچەكلىرى تۆكۈلۈپ 10 كۈندىن كېيىن ياكى مېۋىسىنى يىغىۋېلىشتىن 20 كۈن بۇرۇن ھەر 10 - 15 كۈندە بىر قېتىمدىن جەمئىي ئۈچ قېتىم يوپۇرماققا 65% لىك زىنېب (代森锌) نىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 70% لىك مېتىل توپسىن (甲基托布津) نىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنىڭ خالىغان بىرىنى پۈركۈش ئارقىلىق ئالدىنى ئالسا بولىدۇ. (02)

# سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش چارىلىرى

گۈلنىسا ئابدۇراخمان
(تارىم دەريا ۋادىسى خوتەن باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن 848000)

سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش خىزمىتى خوتەن دەريا ۋادىسىدا 2001 ـ يىلى رەسمىي نۇقتىدا سىناق قىلىنغان، 2002 ـ يىلى كېڭەيتىلىشكە باشلاپ، ئۇنۇم كۆرۈلگەنسېرى كۆلەمنى تۇراقلاشتۇرۇش، سۇغىرىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئۇنۇمنى ياخشىلاشقا يۈزلىنىپ، ھازىرغا كەلگەندە سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش كۆلىمى 1 مىليون 520 مىڭ مودىن ئېشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

بىرنەچچە يىل سىناق قىلىش ۋە سىناق نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، يەنە ساقلانغان بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش خىزمىتىنى يولغا قويۇش سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ، جۈملىدىن كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ سۇنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، سۇ تېجەش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مول ھوسۇلغا كاپالەتلىك قىلىپ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا تۆۋەندىكىدەك مەسىلىلەر ساقلانماقتا:

1. سۇ تەقسىماتىنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش، سۇ مىقدارىنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش، سۇ ھېسابات دەپتىرىنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش، يىغىلىدىغان ھەقنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت تۆتنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىدە مەلۇم دەرىجىدە قىيىنچىلىق مەۋجۇت. ۋادىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يەر كۆلىمى 1.5 مو ئەتراپىدا بولۇپ، يەرنىڭ ئائىلىلەرگە تەقسىملىنىشى تارقاق؛ دېھقانلارنىڭ سۇنىڭ ئېرىق ـ ئۆستەڭ لىنىيەسىدە سىڭىش، پارغا ئايلىنىش قاتارلىق زىيانلىنىش ئەھۋالىنى چۈشىنىشى يېتەرسىز؛ سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشكە بولغان ئاڭلىقلىقى تۆۋەن؛ سۇغىرىشنى باشقۇرۇشقا بولغان تونۇشى ئاجىز. بۇ ئەھۋاللار سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش خىزمىتىنى يولغا قويۇش جەھەتتە قىيىنچىلىق پەيدا قىلىپ، ئاساسىي قاتلام سۇ باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ خىزمەت مىقدارى ۋە قىيىنچىلىقىنى ئاشۇرۇۋەتتى.

2. كەنت، مەھەللىلەردە دېھقانلار سۇ ئىشلىتىش جەمئىيىتى قۇرۇلغان بولسىمۇ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ساپاسى تۆۋەن ھەم ئىش ھەققى تولۇق

كاپالەتكە ئىگە بولمىغاچقا، تەشكىلىي ئاپپاراتى مۇكەممەل، باشقۇرۇشى راۋان بولماي، دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلمايۋاتىدۇ. دېھقانلارنىڭ سۇ باشقۇرۇش خىزمىتىگە بولغان ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى ئەمەس، بەزى كەنت، مەھەللىلەردە دېھقانلار سۇ ئىشلىتىش جەمئىيىتى قۇرۇلدى دېگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە قۇرۇلماي، بۇ خىزمەتنى شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت.

3. ئائىلىلەرگە تەمىنلەنگەن سۇنىڭ ھەر قېتىملىق مىقدارىنى ھېسابلاپ، راسخوت يىغىش جەھەتتە بىر تەرەپتىن ئاساسىي قاتلام سۇ باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ سانى ۋە ساپاسى خىزمەت ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ كىشى بېشى كىرىمى تۆۋەن بولغاچقا سۇ ھەققى تاپشۇرۇش جەھەتتە تەكشىسىزلىك كۆرۈلۈپ، ھەر قېتىملىق سۇدا ئىشلەتكەن سۇنىڭ مىقدارى بويىچە ھەق يىغىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ.

**ھەل قىلىش چارىلىرى:** (1) ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، سۇ باشقۇرغۇچىلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئاساسىي قاتلام سۇ باشقۇرۇش خادىملىرى ۋە دېھقانلار سۇ ئىشلىتىش جەمئىيىتى ئەزالىرىنىڭ ئىش ھەققى ئەمەلىيلەشمەسلىك سەۋەبىدىن ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى بولماسلىق ئەھۋاللىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش ۋە تەمىنلەنگەن سۇغا ۋاقتىدا ھەق يىغىۋېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈرتكە بولۇشى لازىم؛ (2) ۋادىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە زىرائەتلەرنىڭ تېرىلىش قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن، سۇنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش شەكلى جەھەتتە بىرخىل زىرائەت مەركەزلەشتۈرۈپ تېرىلغان جايلارنى تۇرلەرگە بۆلۈپ يولغا قويۇش ياكى كەنتلەرنى بىرلىك قىلىپ سۇنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈپ خاتىرىلەپ، ئومۇمىي سۇ ئىشلىتىش مىقدارىغا چەك قويۇپ، شارائىتنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي ھالدا سۇنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈپ، ئائىلىلەرگىچە خاتىرىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم؛ (3) كەنتلەردىكى دېھقانلار سۇ ئىشلىتىش جەمئىيىتى ئەزالىرى ئىچىدە ئاز دېگەندىمۇ بىر نەپەر سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى بىلىدىغان كەسپىي خادىم بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنى تەربىيەلەش، يېتەكلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۇ باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاشقا دىققەت قىلىش لازىم؛ (4) ھەر دەرىجىلىك ئېرىق ـ

ئۆستەڭلەرنى ياخشى يورۇشلەشتۇرۇش، سۇ ئۆلچەش ئەسلىھە ـ ئۈسكۈنىلىرىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق ئۆلچەنگەن سۇنىڭ توغرا، ماتېرىياللارنىڭ ئېنىق، ئۇچۇرلارنىڭ راۋان بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، سۇ ئىشلەتكۈچى ئائىلىلەرنىڭ مەمنۇنلۇقىنى، ماھىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم؛ (5) ئاساسىي قاتلام سۇ باشقۇرۇش پونكىتلىرىدىكى خادىملارنى قەرەللىك هالدا كەسپىي ماھارەت بىلەن تەربىيەلەپ، ئۇزۇكسىز هالدا كەسپىي بىلىمىنى ئۆستۈرۈپ ۋە يېڭىلاپ، ئۇلارغا قارىتا سىياسىي ـ ئىدىيەۋى تەربىيەنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، كەسپىي ئەخلاق تەربىيەسىنى كۈچەيتىش لازىم؛ (6) ھەر دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلار سۇ تېجەش، سۇ كۆپەيتىش تېپىدىكى قۇرۇلۇشلار بىلەن كۆپلەپ شۇغۇللىنىپ، قۇرۇلۇملارنى ياخشىلاپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق، چىقىملىق سۇغىرىش نورمىسىنى ئازايتىپ، سۇ تېجەش ۋە دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن كۈچەپ ئىشلىشى لازىم؛ (7) «سۇ قانۇنى» ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش خىزمىتى جەھەتتىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، دېھقانلارنىڭ سۇ تېجەشكە بولغان ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش ۋە سۇ مەنبەلىرىنى قوغداش ئاكتىپچانلىقىنى ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل پۇختا ئىشلەش كېرەك. (05)

---

(بېشى 39 ـ بەتتە)

7. ئەگەر دورا چاچقان كۈنى قاتتىق يامغۇر ياغسا قايتىدىن يەنە چېچىش كېرەك.

8. سىناق قىلىنىدىغان يېڭى دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ياكى شۇ رايوندا تېخى ئىشلىتىپ باقمىغان دورىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن سىناق قىلىش لازىم.

9. دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىشتىكى بىخەتەر ئارىلىق مەزگىلىنى قاتتىق ئىگىلەش لازىم. بىخەتەر ئارىلىق مەزگىلى دېگىنىمىز ــ بىر خىل زىرائەتكە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم دورا چېچىلغان ۋاقىت بىلەن يىغىۋېلىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈن سانىنى كۆرسىتىدۇ.

10. دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىشتىكى ھەر خىل مەشغۇلات تۈرلىرىگە تېنى ئاجىز، كېسەل ئادەملەر، تېرىسى زەخىملەنگەنلەر، بالا ئېمىتىۋاتقان، ئىككى قات ئاياللار، كىچىك بالىلار، نېرۋا كېسىلى بار ئادەملەر قاتنىشىشقا بولمايدۇ. دورا چاچقاندا ماسكا تاقاش، پەلەي كىيىش ھەم تاماكا چەكمەسلىك، سۇ ئىچمەسلىك، ئىشتىن كېيىن قول، يۈزنى پاكىز يۇيۇۋېتىش لازىم. (05)

# دېھقانچىلىق رايون كىچىك باقمىچىلىقنى لايىھەلەش

پەتتىدىن تاشتۆمۈر
(توقسۇن ناھىيەلىك ئۇتلاق يونكىتىدىن 838100)

رايونىمىزدا دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان، باغۋەنچىلىق تۈۋرۈك قىلىنىۋاتقان نۆۋەتتىكى پەيتتە باقمىچىلىق تەرەققىياتىدا يەم ـ خەشەك مەنبەسى ئازىيىپ، دېھقانلارنىڭ هويلا ـ ئارام باقمىچىلىقى يىلدىن ـ يىلغا ئازايماقتا. هويلا ـ ئارام باقمىچىلىقى تىپىدىكى دېھقانچىلىق رايون چارۋىچىلىق ئۈزۈن يىللىق ئەنئەنىۋى باقمىچىلىق بولۇپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا كەڭ ئومۇملاشقان.

هويلا ـ ئارام باقمىچىلىقىنى كۆلەم ۋە شەكىل جەھەتتىن بىرقانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: (1) 2 ـ 5 تۇياق ئىنەك، 5 ـ 10 تۇياق ساغلىق قوي ئاساسىدىكى ئائىلە باقمىچىلىقى؛ (2) بىر ئىنەك، 1 ـ 5 كىچە ساغلىق قوي ئاساسىدىكى ئائىلە باقمىچىلىقى؛ (3) 3 ـ 10 تۇياق ساغلىق قوي ئاساسىدىكى ئائىلە باقمىچىلىقى؛ (4) 2 ـ 3 تۇياق ساغلىق قوي ياكى سۇت ئۆچكىسىنى ئاساس قىلغان ئائىلە باقمىچىلىقى؛ (5) پەسىللىك بورداش تىپىدىكى ئائىلە باقمىچىلىقى؛ (6) قوش تۈردىكى ئائىلە باقمىچىلىقى قاتارلىقلار.

هەر خىل باقمىچىلىق تۈردىكى باقمىچىلىقنى پىلانلاش، يەنى باقمىچىلار باقىدىغان چارۋىنى، سەرپ بولىدىغان يەم ـ خەشەكنى پىلانلاش، يەم ـ بوغۇز پىلانلاش، ئېغىل ـ قوتاننى پىلانلاش قاتارلىقلار رايونىمىز چارۋىچىلىقىدا ئەنئەنىۋى هالەتتىن تېخى ئۆزگەرگىنى يوق.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇش يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى ئاپتونوم رايونىمىزدا كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىش بىلەن بىللە، قورو ـ قوتان قۇرۇلۇشىغا ئەهمىيەت بېرىلىۋاتىدۇ. هەرقايسى ئائىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ باقمىچىلىق ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن هەربىر ئائىلە قوتان قۇرۇلۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

هەر تۇياق ئىنەك ئۈچۈن 20 كىۋادرات مېتىر قىشلىق قوتان، 15 كىۋادرات مېتىر ئەتراپىدا يازلىق قوتان، هەر تۇياق تۇغار ساغلىق ئۈچۈن تۆت كىۋادرات مېتىر قىشلىق قوتان، ئۈچ كىۋادرات مېتىر يازلىق قوتان بولۇش كېرەك.

قوتان قۇرۇلۇشىنى لايىھەلەش بىلەن يەم ـ بوغۇز ئامبىرى، شاخ ـ شۇمبا ساقلاش ئورنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كېرەك. دېھقانچىلىق رايون باقمىچىلىقىدا كۆلەم بەك كىچىك، بېقىلىدىغان چارۋا ئاز بولسا

بىرلىك چارۋىدىكى ئەمگەك سەرپىياتى ئېشىپ كېتىدۇ. كۆپ بېقىشقا توغرا كەلگەندە چارۋىنىڭ يەم ـ بوغۇز، شاخ ـ شۇمبىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مۇۋاپىق بولمىسا، مەھەللىنىڭ تازىلىق ۋە مۇھىتىغا بولغان سەلبىي تەسىرى يۇقىرى بولىدۇ. يەم ـ بوغۇز ئامبىرى چوقۇم رەتلىك، پاكىز بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، يوللاردا قالايمىقان چېچىلىپ تۇرماسلىقى كېرەك. بۇ هال بىر تەرەپتىن ئىسراپچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇلغىنىش ۋە رەتسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا شاخ ـ شۇمبا ئىمكانىقەدەر سىلوسلانغان بولۇشى، سىلوسلاش ئورىكى ھەم قولاي ھەم مۇۋاپىق بولىشى كېرەك. شارائىتى بار ئورۇنلار پاتقاق گازى كۆلچىكى ئارقىلىق قىغلارنى ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلغاندا ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپلا قالماي، قوتان مۇھىتى ۋە هويلا مۇھىتىنى ياخشى ساقلىغىلى بولىدۇ.

ھەر تۇياق كالىنىڭ كۈندىلىك شاخ ـ شۇمبۇ سەرپىياتى كالىنىڭ چوڭ كىچىكلىكىگە ئاساسەن پىلانلىنىدۇ. تەن ئېغىرلىقى 300 ـ 600 كىلوگىرام كېلىدىغان كالىلارنىڭ كۈنلۈك شاخ ـ شۇمبا سەرپىياتى 10 ـ 20 كىلوگىرام قۇرۇق شاخ ھېسابىدا ھېسابلىنىدۇ، قويلارنىڭ 30 ـ 50 كىلوگىرام تەن ئېغىرلىقىغا قارىتا 1.5 ـ 3 كىلوگىرام قۇرۇق شاخ ـ شۇمبا تەييارلىنىدۇ. شاخ ـ شۇمبا ئورنىغا سىلوسلانغان شاخ ـ شۇمبا ئىشلەتسە ئىشلىتىش مىقدارىنى 1 ـ 1.5 ھەسسە كۆپەيتىپ بەرسە بولىدۇ. 300 ـ 600 كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى كالا ئۈچۈن ئەڭ ئاز بولغاندا (قوناق ئۈنى، كۈنجۈرە، كېپەك 6:3:1 نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇلغان) يىللىق بوغۇز سەرپىياتىغا 900 ـ 1800 كىلوگىرام تەييارلاش كېرەك. قوي ئۈچۈن 190 ـ 280 كىلوگىرام تەييارلاش كېرەك.

دېھقانچىلىق رايون چارۋىچىلىقى بىرقەدەر تارقاق بولغاچقا، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ داۋالاش خىزمىتىدە مال دوختۇرلۇق خادىملىرىغا كۆپ قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كەلمەكتە. باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ھەر قېتىملىق يۇقۇم مۇداپىئە ۋاكسىنىسىنى ئەملەش، چارۋىنى ئورۇقلاندۇرۇش، كېسەللىك كۆرۈلگەن هامان داۋالاش قاتارلىقلاردا مال دوختۇرلىرى بىلەن مۇقىم ئالاقە باغلاپ، ھەر ۋاقىت مەسلىھەت ئېلىپ تۇرۇش كېرەك.

باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئائىلىلەر يەم ـ خەشەكنى ئۆزى ئىشلەپچىقارسا تەننەرخى تۆۋەن بولىدۇ. يىللىق باقمىچىلىققا ئەتىيازدىن باشلاپ تەييارلىق قىلىش، سەرپ بولىدىغان شاخ ـ شۇمبا ئېھتىياجىغا ئاساسەن تېرىقچىلىق قىلىش ياكى باشقىلار بىلەن توختاملىشىپ تېرىتىپ، يىللىق باقمىچىلىققا ئاساس سېلىش كېرەك. (02)

# قوينىڭ يۇڭى چۈشۈپ كېتىش كېسەللىكى ۋە ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش

ئابدۇللا روزى
(شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ھايۋاناتلار ئىلمىي ئىنستىتۇتىدىن 830000)

قوينىڭ يۇڭى چۈشۈپ كېتىش كېسەللىكى ــ پارازىتلىق كېسەللىك ۋە تېرىدە كېسەللىك بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، قوي جاۋغاي يۇڭىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى ياكى جاۋغاي يۇڭىنىڭ يېتىلىشىنىڭ تولۇق بولماسلىقىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

1. **كېسەللىك سەۋەبچىسى:** تەتقىقات نەتىجىسىدە ئايان بولۇشىچە، بۇ كېسەللىك سىنك، مىس قاتارلىق مىنېرال ئېلېمېنتلارنىڭ يېتىشمەسلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئوت - چۆپ ئانالىز نەتىجىسىگە قارىغاندا كېسەللىك رايونىدىن ئېلىنغان ھەر كىلوگىرام ئارىلاش ئوت - چۆپ ئەۋرىشكىدىكى سىنك مىقدارى 17.28 مىللىگىرام، مىس مىقدارى 2.92 مىللىگىرام بولۇپ، نورمال قىممەتتىن خېلىلا تۆۋەن بولغان. كېسەللەنگەن قويلارغا سىنك بىرىكمىلىرىنى تولۇقلاپ بەرگەندە ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان. كېسەللىك رايون مۇھىتىدا گۈڭگۈرت مىقدارىنىڭ يېتىشمەسلىكىمۇ بۇ كېسەللىكنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئۇزۇن مۇددەت قويلارنى تۈگۈنەك يىلتىزلىق يەم - خەشەكلەر بىلەن باققاندا، قوي پادىلىرىدا بۇ كېسەللىك كۆرۈلىدۇ.

2. **كېسەللىك ئالامىتى ۋە دىياگنوز قويۇش نۇقتىلىرى:** بۇ كېسەللىك بىر يىلنىڭ ھەرقانداق پەسلىدە، تولاراق ئەتىياز پەسلىدە كۆرۈلىدۇ. دەسلەپتە يۇڭىنىڭ پارقىراقلىقى تۆۋەنلەش، يۇڭىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈش، كەم قانلىق ۋە غەيرىي نەرسىلەرنى يېيىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىچى سۈرۈش، كۆرۈش قۇۋۋىتى تۆۋەنلەش، يۇڭ جاۋغايلىرى چۈشۈش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. تولاراق بەل، بويۇن، تاغاق، قۇيرۇق يۇڭلىرى چۈشىدۇ. تەن تېمپېراتۇرىسى، تومۇر سوقۇش نورمال بولىدۇ. پاقلانلارنىڭ يۇڭ يېيىش كېسەللىكى بۇ كېسەللىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ، بۇ كېسەللىككە يۇقىرىدىكى ئالامەتلەرگە قاراپ دىياگنوز قويۇشقا بولىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش:** ئالدىنى ئېلىشتا بېقىش ـ باشقۇ ـ رۇشنى كۈچەيتىپ، قويلارنىڭ ئوزۇقلۇق سەۋىيەسىنى ياخشىلاپ، ئوتلاق ئالماشتۇرۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا بەدە قاتارلىق پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئوت ـ چۆپ ۋە كۆنجۈرە قاتارلىق يەملەرنى تولۇقلاپ بېرىش لازىم. داۋالاشتا يەمگە 0.02% سىنك كاربونات (碳酸锌) قوشۇپ بېرىلىدۇ. 1.5 گرام مىس سولفات (硫酸铜) دىن 1% لىك ئېرىتمە تەييارلاپ ھەپتىسىگە بىر قېتىم ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا داۋالاش جەريانىدا يۇرەك فۇنكـ ـسىيەسىنى ياخشىلايدىغان دورىلارنى ئىشلىتىپ، كېسەللىكنىڭ ئېغىرلىـ ـشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. (02)

(بېشى 54 ـ بەتتە)

ئىختىيارىي كىرىش، ئىختىيارىي چېكىنىش» پىرىنسىپىنى ئىزچىللاشتـ ـۇرۇپ، ئىختىيارىي بىرلىشىپ، دېموكراتىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، كو ـ پېراتىپ ئەزالىرىنى ھەقىقىي خوجايىنغا ئايلاندۇرىدۇ. دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى كەڭ دېھقانلارغا ئىقتىسادىي پائالىيەت جەريانىدا دېموكراتىك ھوقۇق يولغا قويۇش، دېموكراتىك باشقۇرۇش ئادىتىنى يېتىلـ ـدۈرۈپ، دېموكراتىك باشقۇرۇش تونۇشنى كۈچەيتىپ، دېھقانلارنىڭ تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

6. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى قوزغىتىپ، مەبلەغ كەمچىللىكىنى ھەل قىلىدۇ. دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى كەسپلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى بىر مۇھىم ھالقا. يېزا ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىـ ـتىشنىڭ ئۈنۈملۈك شەكلى، يېڭى يېزا قۇرۇش، يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دېھقانلار كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك ۋاستە. ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ قۇرۇلۇشى يېزا، كەنت مەبلىغىنىڭ جىددىيلىكىنى پەسەيـ ـتىپ، دېھقانلارنىڭ قەرز ئېلىشى تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، تۈر ـ لەرنىڭ كەسپلىشىش، كۆلەملىشىش، ئىلمىيلىشىشنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. (05)

# سۈت ئۆچكىسىنىڭ سۈت مىقدارىنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرى

ياسىنجان ئابدۇراخمان
(ئاتۇش شەھىرى ئۇستۇنئاتۇش بازارلىق چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 845354)

**1. نەسىل تاللاش:** ئەلا نەسىل باقمىچىلىقتا يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشىشتىكى مۇھىم تەدبىر. نەسىل تاللىغاندا قاۋۇل، كۆپىيىش ئىقتىدارى يۇقىرى، يېلىنىنىڭ يېتىلىشى ياخشى، شۇنداقلا، يېلىن تۇپچىسى تىك، سىممېترىك، سۈت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى يۇقىرى بولغان ئەلا نەسىللىك ساغلىقنى تاللاش كېرەك.

**2. ئوغلاقنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى چىڭ تۇتۇش:** 4 ـ 10 ئايلىق مەزگىل مۇسكۇلى، سۆڭىكى ۋە ھەرقايسى توقۇلما ئەزالارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئىنتايىن تېز بولىدىغان، مېتابولىزمى كۈچەيگەن، ئۆسۈپ يېتىلىشى تېز بولىدىغان مەزگىل بولۇپ، كۈندىلىك ئوزۇقلۇقىدا كۆك ئوت ـ چۆپ ۋە يىرىك يەم ـ خەشەكنى ئاساس قىلىپ، يەمنى قوشۇمچە قىلىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا يەم ـ خەشەك تەننەرخىنى ئازايتىپلا قالماستىن بەلكى، ساغلىق يېلىنىنىڭ يېتىلىشى ياخشى، ئۆمۈرلۈك سۈت مىقدارى كۆپ، كۆپىيىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدۇ. يەمنى ئاساس قىلىپ بېقىلغان ئۆچكىنىڭ تېنى ئاجىز بولىدۇ، يېلىندا كۆپ مىقداردا ماي يىغىلىپ قېلىپ، سۈت بېزىنىڭ سۈت ئاجرىتىپ چىقىرىش ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىپ، سۈت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى تۆۋەن، ئۆمۈرلۈك سۈت بېرىش مىقدارى ئاز بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا نەسىللەندۈرۈشتىن ئاۋۋال ئەلا سۈپەتلىك ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەك بىلەن ياخشى بېقىش كېرەك.

ساغلىقنى نەسىللەندۈرگەندە تەن ئېغىرلىقى چوڭ بولسا ئۇرۇقلىنىش نىسبىتى ۋە تۆللەش نىسبىتىمۇ يۇقىرى بولىدۇ، يېلىنىنىڭ يېتىلىشى ياخشى، سۈت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى يۇقىرى بولىدۇ. تەن ئېغىرلىقى تۆۋەن بولسا ئۇرۇقلىنىش نىسبىتى ۋە تۆللەش نىسبىتىمۇ تۆۋەن بولىدۇ،

يېلىنىنىڭ يېتىلىشى ناچار، سۈت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا ياش ساغلىقلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن بېقىش ئاساسىدا، نەسىللەندۈ-رۈشتىن بىر ئاي بۇرۇن پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئەلا سۈپەتلىك ئوت - چۆپ بىلەن بېقىش، ھەر تۇياق ساغلىققا كۈندە يەمدىن 400 - 500 گىرامدىن قوشۇپ بېرىش (كۆممىقوناق %40، كېپەك %35، سېرىق پۇرچاق %20، سۆڭەك پاراشوكى %3، ئاش تۇزى %1، ناترىي بىكاربونات %1 بولۇش كې-رەك) ئارقىلىق سۈت ئۆچكىسىنى تېز ئەت ئالدۇرغىلى، ئېغىرلىقىنى ئا-شۇرغىلى، ئۇرۇقلىنىش ۋە تۆللەش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، يې-لىنىنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى ۋە سۈت ئىشلەپچىقىرىش مىقدا-رىنى ئاشۇرۇشقا پۇختا ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

3. تۇغۇتى يېقىنلاشقاندا يېلىنى چوڭىيىشقا باشلايدۇ، ھەر كۈنى لۆڭگە-نى پاكىز سۇغا چىلاپ، يېلىنغا بىر قېتىم ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ ئۇۋۇلاپ بەرسە، سۈت بېزىنىڭ قان ئايلىنىشىنى ياخشىلىغىلى، سۈت بېزى ھۈجەي-رىسىنى جانلاندۇرغىلى، يېلىنىنىڭ يېتىلىشىنى تېزلەتكىلى، سۈت ئىش-لەپچىقىرىش مىقدارىنى ئاشۇرۇشقا ياخشى ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

4. تۇغۇشقا بىر ھەپتە قالغاندىن باشلاپ، پىروگېستېن (孕激素) دىن 0.5 گىرام ۋە ئېستراديول بېنزوئات (苯甲酸雌二醇) تىن بىر مىللىلىت-تىرنى ئارىلاشتۇرۇپ، تېرە ئاستىغا ھەر كۈنى بىر قېتىمدىن، ئۇدا 3 - 7 كۈن ئوكۇل قىلسا يېلىنىنىڭ يېتىلىشىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

5. ساغلىق سۈت بېرىۋاتقان مەزگىلدە ھەر كۈنى يېلىنىنى 2 - 3 قېتىم ئۇۋۇلاپ بەرگەندە يېلىنىنىڭ ھەرىكىتى، مۇسكۇلىنىڭ كېرىلىش كۈچىنى ئاشۇرغىلى، سۈت بېزى ھۈجەيرىسىنى غىدىقلىغىلى، سۈت بېزىنىڭ مېتا-بولىزمىنى كۈچەيتكىلى، يېلىنىنى قايتا ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغىلى ۋە سۈت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە قاننى جانلاندۇرۇپ، يېلىن ياللۇغى بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، سېغىش قېتىم سانىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. (02)

# گۆش كالىسىنىڭ يەم ـ خەشەكىنى تەڭشەش ئۇسۇلى

مەريەمگۈل خالىق
(ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىلىق چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 845351)

نۆۋەتتە، يېزا ـ قىشلاقلاردا يەم ـ خەشەكتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش، يەم ـ خەشەكنى ئىسراپ قىلىش ئەھۋالى يەنىلا مەۋجۇت. دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ يەم ـ خەشەكتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىغا، يەم ـ خەشەك ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك يەم ـ خەشەك تەڭشەش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

**1. تالقان قىلىش:** ھەر خىل بوغۇز، يەملەرنى 1 ـ 2 مىللىمېتىر چوڭلۇقتا دانچىسىمان تالقان قىلىپ بېرىش لازىم.

**2. ئۇششاقلاش:** شاخ ـ شۇمبا قاتارلىق يىرىك يەم ـ خەشەكلەرنى ئۇششاقلاپ بېرىش كېرەك، تۇگۇنەك يىلتىزلىق، تۇگۇنەك غوللۇق قاتارلىق شىرنىلىك يەم ـ خەشەكلەرنى ئۇششاقلاشتىن بۇرۇن پاكىز يۇيۇۋېتىش كېرەك.

**3. تۇز سېپىش:** شال پاخىلى، كۆمەقوناق شېخىنى ئىنچىكە يېپچىسىمان قىلىپ ئۇششاقلاپ، ئېچىتىش كۆلچىكىگە قاچىلاپ، ھەر 200 كىلوگرام يەم ـ خەشەككە 1.2~2 كىلوگرام ئاش تۇزى، 65~75 كىلوگرام سۇ قوشۇپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىنى زەھەرسىز يالتىراق يوپۇق بىلەن ياپىمىز، 24~48 سائەتتىن كېيىن تېمپېراتۇرا 40℃ قا چىققاندا دەسلەپ چىڭداپ تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىش لازىم، ئاندىن يالتىراق بىلەن ھىم چۈمكەپ، ئۈستىگە توپا تاشلاپ كۆمۈش لازىم، ئادەتتە 24 سائەتتىن كېيىن ئىچىپ ئىشلەتسە بولىدۇ.

**4. ئىشقارلاشتۇرۇش:** ئۇششاقلانغان شاخ ـ شۇمبىلارنى 1% لىك خام ھاك سۈيى (يەنى بىر كىلوگرام ھاكقا 50 كىلوگرام سۇ قوشۇپ، چۆكۈندى داشقاللارنى چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا 50 كىلوگرام سۇ قېتىپ) نى تولۇق ئارىلاشتۇرۇپ، 35 كىلوگرام ئۇششاقلانغان يەم ـ خەشەكنى ئۇنىڭغا چىلاپ، 10 مىنۇتتىن كېيىن سۈزۈپ ئېلىپ، يەم ـ خەشەك تەركىبىدىكى ھاك سۈيىنى پاكىز يۇيۇپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئىدىشقا قاچىلاپ دۆملەپ، بىر كۈن تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئىشلەتسە بولىدۇ.

**5. سىلوسلاش:** سىلوسلىنىدىغان يەم ـ خەشەكنىڭ قەنت تەركىبى بىرقەدەر يۇقىرى، قۇرۇق ماددا نىسبىتى 25% تىن يۇقىرى بولۇشى زۆ-رۈر. ئاساسلىقى باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر ۋە ياۋا ئۆسۈم-لۈكلەرگە ماس كېلىدۇ. باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ياۋا ئۆت ـ چۆپلەر تو-گۈنچەك بولۇشتىن ئىلگىرى ئورۇلىدۇ، ئەڭ ياخشىسى كۆك ئوت ـ چۆپنى تايلاپ ساقلاش، باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ساقلاش لازىم. سۇ تەركىبى يۇقىرى يىلتىز، غول، يوپۇرماقلارنى سىلوس خام ماتېرىيالى قىلىپ قۇرۇتقاندىن كېيىن، 10% ـ 20% ئەتراپىدا كېپەك ئارىلاشتۇرۇپ سىلوسلاش كېرەك. يەم ـ خەشەكلەرنى سىلوسلاشتا سىلوس ئورىكى، تۈز يەر ياكى يالتىراق خالتا قاتارلىقلاردا ساقلاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ. سىلوس ئورىكىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى گۆش كالىسىنىڭ سانى ۋە يىللىق ساقلاش مىقدارىغا ئاساسەن بېكىتسە بولىدۇ، سىلوس ئورىكىنىڭ ھەر كۇب مېتىرىغا 500 ـ 600 كىلوگىرام يەم ـ خەشەك بېسىپ سىلوسلىغىلى بولىدۇ.

سىلوسلىنىدىغان كۆممىقوناقنى سۇتلەنگەندە شېخى بىلەن قوشۇپ ئو-رۇۋېلىپ، قۇرۇق ماددا مىقدارىنى 25% ـ 30% ئەتراپىدا كونترول قى-لىش كېرەك. سىلوسلىنىدىغان شاخ ـ شۇمبىنى ئوروش ماشىنىسىدا ئورسىمۇ ياكى شاخ ـ شۇمبىنى ئۇششاقلاش ماشىنىسى ئارقىلىق 2 ـ 3 سانتىمېتىر قىلىپ ئۇششاقلاپ يىغىۋالسىمۇ بولىدۇ. شاخ ـ شۇمبى-نى سىلوس ئورىكىگە قاچىلاپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن سېلىپ، بىر تەرەپتىن تەكشى چىڭداش، سىلوس ئورىكى لىق توشقاندىن كېيىن ئۈستىگە بىر قەۋەت كۆن نورىدىن ساقلايدىغان يالتىراق يوپۇق يېپىپ، چىرىشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. 30 كۈندىن كېيىن سىلوس ئو-رىكىنى ئازراق ئېچىپ، ھەر كۈنى ئىشلىتىپ بولالىغۇدەك سىلوسنى ئېلىپ ئىشلىتىش، كۆپ ئېلىۋېلىپ ئىسسىپ قېلىشتىن، بۇزۇلۇپ ئىسراپ بولۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. (02)

# دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ رولى

رەھمىتۇللا شەمشىدىن
(غۇلجا شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 835000)

دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى — يېزا ئائىلە ھۆددىگەرلىك ئىگىلىكى ئاساسىدا، ئوخشاش تۈردىكى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ياكى ئوخشاش تۈردىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر، مەنپەئەتدارلار ئىختىيارى بىرلىشىپ، دېموكراتىك باشقۇرىدىغان، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادىي تەشكىلات. بولۇپمۇ «دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قانۇنى» نىڭ يۈرگۈزۈلۈشى كوپېراتىپقا تېخىمۇ ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىپ، كوپېراتىپنىڭ بازار ئىگىلىكىدىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بەردى. دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى يېزا ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى تىپتىكى يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىدۇ. دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرىدۇ. زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن پارلاق كەلگۈسىنى يارىتىدۇ.

1. ھۆكۈمەت بىلەن كوپېراتىپ ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ ھەر خىل ئۇچۇر ۋە تەلەپلىرىنى يىغىپ رەتلەپ، ھۆكۈمەتكە يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭدەك ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىك سىياسەتلىرىنى كوپېراتىپ ئەزالىرىغا يەتكۈزىدۇ. ھۆكۈمەت دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئارقىلىق بىرقەدەر ئومۇميۈزلۈك، ھەقىقىي ئۇچۇرغا ئېرىشەلەيدۇ. يەنە تېخى كەسپىي كوپېراتىپنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ھۆكۈمەت ئالاقىدار سىياسەتلەرنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنداقلا يەنە دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىگە ياردەملىشىش جەھەتتىمۇ ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. كەسپىي كوپېراتىپلار ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپكە نىسبەتەن مول كەسپىي بىلىم ۋە

تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ، ھەم كوپىراتىپ ئەزالىرىنىڭ ئارزۇسىنى چۈشىنەلەيدۇ، ھەم دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى بىلەلەيدۇ. دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپلىرى سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

2. يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم تەشكىلىي شەكلى. دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپى يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. بىر جەھەتتىن ئۇششاق دېھقان ئائىلىلىرىنى تەشكىللەپ، بىرلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنى رەڭگارەڭ، ئۆزگىرىشچان بازارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۆلچەملىشىش، كۆلەملىشىش، بازارلىشىش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دېھقانلار كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بازار ئىگىلىكى تولۇمسىنىڭ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپى، ئىختىيارلىق، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پىرىنسىپى بويىچە كوپىراتىپ ئەزالىرىنىڭ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئەزالارنىڭ بازار رىقابىتى ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، خېيىم - خەتەرنى ئازايتىدۇ. ئەزالارنىڭ ئەمەلىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كەسىپ ۋە يېزا ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ساغلام بولغان ھەمكارلىق يولىنى ئاچىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن دېھقانلارنىڭ كەسپلەشكەن ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئىلغار يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشكە پايدىلىق. دېھقانلارنىڭ بازار خېيىم - خەتىرىنى، تىجارەت خېيىم - خەتىرىنى ۋە تەبىئىي خېيىم - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

3. دېھقانلار مەنپەئەتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئۈنۈملۈك يول. دېھقانلار ئېلىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىجتىمائىي توپ بولۇپ، تارقىلىشى بىرقەدەر چې-

چىلاڭغۇ، تەشكىلللىنىش دەرىجىسى تۆۋەن، كۆڭۈل ئارزۇسىنىڭ تولۇق ئە-
پادىلىنىشى ۋە مەنپەئەتىنىڭ ئۇنۇملۇك قوغدىلىشى بىرقەدەر قىيىن. دېھ-
قانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق ـ
مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان تەشكىلات بولۇپ، ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تار-
ماقلارغا كەسپلەرنىڭ تەلىپى، تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى دەل ۋاقتىدا يەت-
كۈزۈپ، ئاكتىپ ھالدا ئالاقىدار ئېتىبار سىياسەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلەي-
دۇ. ھەمكارلىق كوپېراتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت
بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا، كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى دېھقانلار، يېزا ئىگىلىك كارخا-
نىلىرى، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ
ۋە چەكلەپ، كەسىپنىڭ ئىچى ـ تېشىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، يېزا
ئىگىلىك بازار تەرتىپى ۋە ئالاقىدار بازار سۇبيېكتىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتى-
نى قوغدايدۇ.

4. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى خەلقئارا بازارغا قاتناشتۇرۇشنىڭ
تەشكىلىي كاپالىتى. دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن
خەلقئارا رىقابەتكە تارقاق كىچىك كۆلەمدىكى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇ-
غۇللىنىۋاتقان دېھقانلار ئائىلىسىنى تەشكىللەپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات-
لىرىنىڭ خەلقئارالىق رىقابەت كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توغرا كەلدى.
دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللان-
غۇچىلارغا ۋاكالىتەن خەلقئارا سودىغا قاتنىشىپ، خەلقئارا بازارنى تېخىمۇ
ياخشى ئېچىپ، دېھقانلار كىرىمىنى ئاشۇرىدۇ.

5. يېزىلارنى دېموكراتىك باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم گەۋدىسى. دېھقانلار
كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەق-
قىيات تەلىپىگە ماسلىشىپ، ھۆكۈمەت بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا ئىج-
تىمائىي ۋاستىلىك رولىنى ئويناپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار فۇنكسىيەسى-
نى ئۈستىگە ئالىدۇ. دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى دېھقانلارنىڭ
ئىختىيارلىقى ئاساسىغا قۇرۇلغان، كەسپىي ھەمكارلىق تەشكىلىنى باشقۇ-
رۇشتا ئىقتىسادىي ۋە قانۇن ۋاستىسىنى ئاساس قىلىدۇ. «كوپېراتىپقا

(داۋامى 47 ـ بەتتە)

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى

**44 - ماددا** سەھىيە تارماقلىرى ۋە مەكتەپلەر قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە ساقلىق ساقلاش ۋە ئوزۇقلۇق جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىپ، زۆرۈر ساقلىق ساقلاش شارائىتى يارىتىپ بېرىشى، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

سەھىيە تارمىقى بالىلارغا مۇداپىئە ۋاكسىنىسى ئەملەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك؛ دۆلەتنىڭ ئىممۇنىتېتلاش يىرىك پىلانى تۈرىدىكى مۇداپىئە ۋاكسىنىسى ھەقسىز ئەملىنىدۇ؛ بالىلاردا دائىم كۆرۈلىدىغان، كۆپ بولىدىغان كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، بالىلار باغچىسى، يەسلىنىڭ ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىغا بولغان كەسپىي يېتەكچىلىكنى ۋە نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك.

**45 - ماددا** يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بالىلار باغچىسى، يەسلى ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، بالىلار باغچىسى، يەسلىلەرنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ بالا ئېمىتىش ئۆيى، يەسلى، بالىلار باغچىسىنى قانۇن بويىچە قۇرۇشنى قوللىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، بالىلار باغچىسى، يەسلىلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە تەربىيىچىلىرىنى تەربىيىلەپ ۋە چېنىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي ئەخلاق ساپاسى ۋە كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

**46 - ماددا** دۆلەت قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئەقلىي نەتىجىسى ۋە شان - شۆھرەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە قوغدايدۇ.

**47 - ماددا** قۇرامىغا يەتمىگەنلەردىن بەلگىلەنگەن يىلدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپىنى تۈگىتىپ ئۆرلەپ ئوقۇمايدىغانلىرىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي تەشكىلاتلار ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم.

**48 ـ ماددا** شەھەر ئاھالە كومىتېتى، كەنت ئاھالە كومىتېتى ئالاقىدار تارماقلارغا ھەمكارلىشىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە تەربىيە بېرىشى ۋە ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىشى، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە زىيان سالىدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ۋە ئۇنى توسۇشى كېرەك.

**49 ـ ماددا** قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچرىغاندا، زىيانغا ئۇچرىغۇچى ۋە ئۇنىڭ ۋەسىيلىرى ياكى باشقا تەشكىلات ۋە شەخسلەر ئالاقىدار تارماقلارغا ئەرز قىلىشقا ھوقۇقلۇق، ئالاقىدار تارماقلار قانۇن بويىچە ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

**50 ـ ماددا** جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئەدلىيە مەمۇرىي تارمىقى مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، قانۇن يۈرگۈزۈش پائالىيىتىدە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدىشى كېرەك.

**51 ـ ماددا** قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچراپ، قانۇن بويىچە خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا، خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە ۋاقتىدا قاراپ چىقىشى ھەمدە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك، پسىخىك ئالاھىدىلىكى ۋە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

قانۇن يۈرگۈزۈش پائالىيىتىدە قانۇن ياردىمىگە ياكى قانۇن يۈرگۈزۈش بويىچە قۇتقۇزۇشقا موھتاج قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە قانۇن ياردىمى ئاپپاراتى ياكى خەلق سوت مەھكىمىسى ياردەم بېرىپ، ئۇلارغا قانۇن بويىچە قانۇن ياردىمى بېرىشى ياكى ئۇلارنى قانۇن يۈرگۈزۈش بويىچە قۇتقۇزۇۋېلىشى كېرەك.(05)

# پاتقاق گازنى باشقۇرۇشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

نۇرگۈل غېنى
(چاقىلىق ناھىيە ئۇتام يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841800)

1. يازدا تېمپېراتۇرا يۇقىرى، خام ـ ئەشيالارنىڭ پارچىلىنىشى تېز بولۇپلا قالماي، خورىشىمۇ تېز بولىدۇ. پاتقاق گازى كۆلچىكىنىڭ خام ـ ئەشياسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى، شۇنداقلا ئۈزۈكسىز گاز ھاسىل بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ۋاقتىدا ماتېرىيال كىرگۈزۈش لازىم.

2. دائىم پاتقاق گاز ئېچىتقۇچى ماتېرىياللىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ، پاتقاق گازى كۆلچىكىدىكى ئېچىتقۇ ماتېرىياللار بىلەن پاتقاق گازى باكتېرىيەلىرىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، كۆپلەپ گاز ھاسىل قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

3. ياز پەسلى تېمپېراتۇرا يۇقىرى، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى تېز، خورىدىشى كۆپ بولىدۇ. شۇڭا ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن دائىم سۇ قاچىلاپ تۇرۇش، ئېچىتىش قويۇقلۇقىنى 6% ئەتراپىدا كونترول قىلىش لازىم.

4. پاتقاق گازى باكتېرىيەلىرى نېيترال ياكى سەل ئىشقارلىق شارائىتتا تېز كۆپىيىدۇ. شۇڭا كۆلچەك ئىچىدىكى چىرىندىنىڭ PH قىممىتى 6.8 ـ 7.5 ئارىلىقىدا بولۇش كېرەك.

5. ياز پەسلىدە تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولغانلىقتىن دائىم بېسىم سائىتىنى كۆزىتىپ تۇرۇش كېرەك. ئەگەر گاز كۆلچىكىنىڭ بېسىمى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە ۋاقتىدا گاز ئىشلىتىش، گاز قويۇپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، يۇقىرى بېسىمنىڭ ئۇزاق مۇددەت گاز كۆلچىكىگە تەسىر قىلىپ، كۆلچەكنى بۇزۇۋېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

6. ئەگەر گاز توشۇش تۇرۇبىسى، ۋېكلىيۇچاتېلنىڭ ھەرقايسى ئۇلانغان جايلىرىدا قاتارلىق قالغان ئەھۋال كۆرۈلسە، دەرھال توشۇش يوللىرىنى رېمونت قىلىپ، گاز قېچىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

7. پاتقاق گازنى ئىشلىتىشتىن توختىغان ۋاقىتتا ئاندىن ماتېرىيال كىرگۈزۈش ۋە چىقىرىش كېرەك. بولۇپمۇ تېز سۈرئەتتە ماتېرىيال كىرگۈزۈش ۋە چىقارماسلىق، پاتقاق گاز كۆلچىكى ئىچىدە تەتۈر بېسىم پەيدا بولۇپ پارتلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

8. پاتقاق گازى باكتېرىيەلىرى زەھەرلىك بوي‍ۇملارغا يولۇققاندا زەھەرلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ھەر خىل ئۆتكۈر زەھەرلىك دېھقانچىلىق دورىلىرى، بولۇپمۇ ئورگانىك باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش سۇيۇقلۇقى، ئۇنىڭدىن باشقا كىر يۇيغان سۇ قاتارلىقلار كۆلچەك ئىچىگە كىرىپ كەتمەسلىكى كېرەك. كۆپىنچە ئۆسۈملۈكلەرنى خام ئەشيا قىلىپ، پارچىلانغاندىن كېيىن گاز ھاسىل بولىدۇ. ئەمما ياڭاق يوپۇرمىقى، سېسىق ئوت، سامساق، كەرەپشە، تاماكا غولى قاتارلىقلار پاتقاق گاز كۆلچىكىدىكى باكتېرىيەلەرنىڭ پارچىلىنىشىنى چەكلەيدۇ ياكى ئۆلتۈرىدۇ، ئۇلارنى خام ـ ئەشيا قىلماسلىق كېرەك. پۇرچاق، يەر ياڭىقى، چىگىت قاتارلىقلار ھاۋا كەمچىل شارائىت ئاستىدا ھىدرو فوسفات شەكىللەندۈرىدۇ، بۇ زەھەرلىك بولۇپلا قالماستىن، ئادەم ۋە ھايۋانلارمۇ ئاسانلا زەھەرلىنىپ قالىدۇ، شۇڭا بۇلارنىمۇ خام ماتېرىيال قىلماسلىق كېرەك.

9. يامغۇر سۇيىنىڭ كۆلچەك ئىچىگە كىرىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، ماتېرىيال كىرگۈزۈش ـ چىقىرىش ئېغىزلىرىنى ھەم ئېتىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆلچەك ئىچى بېسىمىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆرلەپ كۆلچەكنى بۇزۇۋېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

10. خام ـ ئەشيانى دۆۋىلەپ ئېچىتىش لازىم. ئوت ـ چۆپ خام ـ ئەشيا قىلىنىدىغان بولسا ئاۋۋال توغراپ ئۇششاق قىلغاندىن كېيىن سۇغا چىلاپ، 2 ـ 3 كۈن ئېچىتىپ، ئاندىن 50 سانتىمېتىرنى بىر قەۋەت قىلىپ ھاك ياكى ئوت ـ چۆپ كۈلى چېچىش بىلەن بىرگە، گەندە ياكى ھايۋانات قىغىدىن چېچىپ، ئۈستىنى يالتىراق قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئوراپ 7 ـ 8 كۈن تولۇق ئېچىتىش لازىم.

11. كۆلچەك ئىچىدىكى خام ئەشيانى ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلسە قارىسىغا ماتېرىيال كىرگۈزمەسلىك، ئادەتتە ئېچىتقۇ ماتېرىيالىنىڭ نىسبىتى ھايۋانات قىغى 30%، گەندە 8% ـ 10%، كۆلچەكتە قالدۇرۇلغان (ئەسلىدىكى ئېچىتىلغان ماتېرىيال) باكتېرىيە ۋە پاتقاق گاز سۇيۇقلۇقى 20%، سۇ 40% بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

12. ئېچىتىپ تەييارلانغان خام ئەشيانى پاتقاق گازى كۆلچىكىگە سالىدىغان ۋاقىتتا، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان، دىيامېتىرى 20 سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچ كالتەك ياكى بامبۇك تاياقچە پاتقاق گازى كۆلچىكىنىڭ

ئوتتۇرىسىغا تىكلەپ قويۇلىدۇ. تەييارلانغان خام ئەشيا ئۇنىڭ ئەتراپىغا پۇ ـ تۇن كۆلچەكنىڭ 1/4 گىچە قاچىلىنىدۇ. خام ئەشيانى كىرگۈزۈپ بولغان ـ دىن كېيىن، ياغاچ كالتەك (بامبۇك كالتەك) نى تارتىۋېلىپ، پەيدا بولغان تۆشۈككە قوناق پاسىرى، گۈرۈچ پاخلى قاتارلىقلارنى سېلىپ، ئاندىن 5 ـ 6 تال دىيامېتىرى ئۈچ سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1.5 مېتىر كېلىدىغان بامبۇك تاياقچە (بامبۇك ئۈستىدىن 8 ـ 10 جۈپ تۆشۈك تېشىپ هاۋا ئۆ ـ تۈشۈشى تېزلىتىلىدۇ) نى تۆشۈككە تىقىپ، ئەڭ ئاخىرىدا سۇ قاچىلاش ئېغىزنى مەھكەم ئېتىپ، گاز چىقىرىش تۇرۇبىسى بېكىتىلىپ، 2 ـ كۈنى چۈشتىن باشلاپ گاز ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

13. لاياقەتلىك كىنىشكىسى بولمىغان كىشىلەرنىڭ پاتقاق گازى كۆل ـ چىكى قۇرۇلۇشى قىلىشىغا بولمايدۇ. پاتقاق گاز كۆلچىكىنى چوقۇم يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى بىر تۇتاش تەربىيەلەپ باهالاشتىن ئۆتكەن، پاتقاق گاز كۆلچىكى ياساش سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن ئىشچىلار يا ـ سىسا بولىدۇ. بۇنىڭدا دۆلەت ۋە مۇناسىۋەتلىك ئۆلچەم خەرىتىسىگە ئاسا ـ سەن لايىھەلەش، قۇرۇلۇش سۈپىتىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش لازىم. قۇرۇ ـ لۇش جەريانىدا كۆلچەك ئۆرۈلۈپ كېتىش، ئۈستى قىسمى بۇزۇلۇپ كې ـ تىشتىن ساقلىنىش، ئۆز ۋاقتىدا «ئۈچ بىخەتەرلىك ئېغىزى» نى ياخشى ئېتىپ، ئادەم ۋە هايۋانلارنىڭ كۆلچەك ئىچىگە چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدى ـ نى ئېلىش كېرەك.

14. پاتقاق گازى كۆلچىكى ئىچىدە ئادەم زەهەرلىنىپ قالسا، قۇتقۇزۇش خادىملىرى بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىپ، كۆلچەكنىڭ سىرتىغا ئو ـ رۇنلاشتۇرغان سولياۋ نەيچە ئارقىلىق نەپەسلىنىش بىلەن بىللە زەهەرلە ـ نىپ قالغان خادىمنى قۇتقۇزۇش، هەرگىزمۇ ئالدىراپ كۆلچەك ئىچىگە كىرىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن زەهەرلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

15. كۆمۈر گاز ئوچىقىنى پاتقاق گاز ئوچىقىغا ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. گازنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغاچقا، يېقىلغۇ شارائىتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئۆزگەرتىش قىلغاندىن كېيىن ئىشلەتكەندە ئېغىر خەتەر كېلىپ چىقىدۇ، شۇڭلاشقا دۆلەت بىخەتەرلىك ئۆلچىمىدىن ئۆتكەن، ئۆلچەملەش ـ تۈرگەن پاتقاق گاز ئوچىقىنى ئىشلىتىش لازىم. (02)

# دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن ئورۇن بەلگىلەپ ئۇرۇق تاللاش ئۇسۇلى

ئايشەمگۈل تاش تۇرسۇنئېلى
(قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدىن 844000)

ئىرسىيەت ئەۋزەللىكى تولۇق ئىپادىلىنىدىغان ئورۇندىن ئۇرۇق ئېلىپ تاللاپ يېتىشتۈرگەندە، سۈپەتلىك ئۇرۇقتىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

زىرائەتنىڭ ھەرقايسى مېۋىلەش ئورنىدىن يىغىۋېلىنغان ئۇرۇقنىڭ سۈپىتى ئوخشاش بولمايدۇ. ئوخشاش بولمىغان زىرائەتلەرنىڭ مۇۋاپىق ئۇرۇقلۇق ئورنىنى بەلگىلەشتە ئەڭ ئېسىل ئىرسىيەت ئەۋزەللىكى ئىپادىلىنىدىغان ئورنىدىن پايدىلىنىپ ئۇرۇق تاللاش كېرەك.

**1. كۆممىقوناق:** ئىرسىيەتلىك ئەۋزەللىكى باشاقنىڭ ئوتتۇرا، ئاستى قىسمىدا بولۇپ، مۇشۇ ئورۇندىكى داننى تاللاپ ئۇرۇقلۇق قىلسا مەھسۇلاتنى 35% ئەتراپىدا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**2. ئاققوناق:** باشاقنىڭ ئۈچ قىسمى ئىرسىيەت ئەۋزەللىككە ئىگە. باشاقنىڭ ئۈچى قىسمىدىكى دان توق، تويۇنغان، يېتىلىشى ياخشى، ئۆسۈشى كۈچلۈك بولۇشتەك ئىرسىيەتلىك ئەۋزەللىكى بار. باشاقنىڭ يۇقىرىقى 1/3 قىسمىدىكى داننى تاللىسا، مەھسۇلاتنى 8% ئەتراپىدا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**3. شال:** باشاقنىڭ ئۈچ قىسمى ئەۋزەللىككە ئىگە. باشاقنىڭ ئۈچ قىسمىدىكى دان تولۇق، تويۇنغان، مىڭ تال دان ئېغىرلىقى يۇقىرى، ئۆسۈشى كۈچلۈك بولۇپ، ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمىدىكى دانغا قارىغاندا مەھسۇلاتنى ئايرىم ـ ئايرىم 13% ـ 17% ئەتراپىدا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**4. سېرىق پۇرچاق:** ئوتتۇرا قىسمىدىكى مېۋە چوكىسى ئىرسىيەت ئەۋزەللىككە ئىگە. چەكلىك چوكىلاش ئادىتىدىكى سورتنىڭ ئىرسىيەتلىك ئەۋزەللىككە ئىگە ئورنى غولنىڭ ئوتتۇرا، ئۈستى قىسمىدا، چەكسىز چوكىلاش ئادىتىدىكى سورتنىڭ ئىرسىيەت ئەۋزەللىك ئورنى غولنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمىدا بولۇپ، مۇشۇ ئورۇندىن ئۇرۇق تاللىغاندا مەھسۇلاتنى 10% ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە تاللىغان ئۇرۇقنى چوقۇم ئايرىم ساقلاپ، ئۇرۇق تەركىبىدىكى نەملىكنى ئۆلچەم دائىرىسىگە چۈشۈرۈپ، ئۇرۇقنى بىخەتەر ساقلاپ قىشتىن ئۆتكۈزۈش لازىم. (02)

# مەنسەپ تالاشما بىلىم تالاش

بىلىمدىن ئىنساننىڭ پىكرى ئېچىلۇر
بىلىمدىن تەبىئەت سىرى ئېچىلۇر
بىلىمدىن نادانلىق خاتىمە تاپار
بىلىمدىن سائادەت گۈلى ئېچىلۇر

ـ سوزۇك

ئاقسۇ دەريا باشقارمىسىدىن تۇرسۇن قۇربان يازغان

ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى تېزلىتەيلى!



مەركىزىي شەھەر — گۈزەل ئۈرۈمچى

ھەلىمە تۇرسۇن فوتوسى

# 农村科技

(月刊)

# يېزا پەن — تېخنىكىسى

(ئايلىق ژۇرنال)


باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى رېداكسىيەسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 0991 — 4505075

مۇھەررىرلەر: ئابلەت ھەبىبۇللا ئەنۋەر مۇھەممەت

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 ـ قورۇ پوچتا نومۇرى: 830091

باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باھاسى: 2.00 يۈەن

تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095

مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 123 ـ 58 ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016